
بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ
وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

المسلم الصيني



1
2012

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة
ئومۇمىي ئىسلام ئىلىم-مەدەنىيەت ژۇرنىلى



2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى جۇڭنەنخەيگە تەكلىپ قىلىپ چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



2011 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى.



2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى.




2011 ـ يىللىق ھەج تاۋاپ مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ باشچىلىقىدا سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋەزىرى دوكتور فۇئاد ئابدۇسالام ئەلفارىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



2011 ـ يىللىق ھەج تاۋاپ مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى بىلەن جۇڭگونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى بىرلىكتە چەت ئەللىك مۇخبىرلارغا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى.



جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى ئەرافاتتا نىڭشيا ھەج ئۆمىكىنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەت پائالىيىتىگە قاتناشتى.



شىنجاڭلىق ھاجىلار ھەرەم مەسچىتىگە تاۋاپقا مېڭىۋاتىدۇ.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۇسۇف جەۋۋاد، يۇنۇس، رامىزان تارتقان)

# رەئىس جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2012 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنى جۇڭنەنخەيگە تەكلىپ قىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چاغان بايرىمىنى بىرلىكتە قارشى ئالدى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە باش شۇجى خۇ جىنتاۋغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى بارلىق دىنىي زاتلار ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا چاغانلىق سالام يوللاپ، بەخت تىلىدى.

رەئىس جيا چىڭلىن دىنىي تەشكىلاتلار مەسئۇللىرىنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ”ئۆتكەن يىلى 12 - بەش يىللىق پىلان باشلانغان يىل. ئۆزگىرىشچان مۇرەككەپ خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت جاپالىق ئېغىر ۋەزىپىلەر ئالدىدا، يولداش خۇجىنتاۋ باش شۇجىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تارىخىغا شانلىق سەھىپىلەرنى يازدى. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە ئىقتىساد يۈكسىلىۋاتىدۇ، سىياسىي مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ھەر مىللەت خەلقى تارىخنىڭ بۇ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا مىسلىسىز غەيرەت - جاسارىتى بىلەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىل دىنىي خىزمەتلەرمۇ پۇختا قەدەمدە راۋاجلىنىپ، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. بىز پارتىيەنىڭ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى يېتەكچى پرىنسىپىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي زاتلار بىلەن ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىي ساھەنىڭ مۇقىم، ئىناق ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدۇق ۋە ياخشىلىدۇق“.

جيا چىڭلىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”بۇ يىل 12 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى بىر - بىرىگە باغلايدىغان مۇھىم بىر يىل بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلىدۇ، بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاپ، 18 - قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىغا ياخشى شارائىت ھازىرلاش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە ‘ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش’ مۇھىم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دىنىي خىزمەت جەھەتتىكى يېتەكچى پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ھەم بۇ جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ، دىنىي ساھەنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي قوغداپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى ئالاھىدە نەتىجىمىز بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك“.

جيا چىڭلىن ھەر قايسى دىنىي تەشكىلاتلار ۋە دىنىي ساھەدىكى دوستلارنىڭ توغرا سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش يولىدىن تەۋرەنمەي، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتى ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە بويسۇنۇپ ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئاكتىپ ماسلىشىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى؛ مۇقىملىق ئىچىدە تەرەققىي قىلىش تەلىپىنى ئىگىلەپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى (داۋامى 5 - بەتتە)

المسلم الصيني

# مۇندەرىجە

## ئالاھىدە خەۋەرلەر


جيا چىڭلىن مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن چاغانلىق سۆھبەت ئۆتكۈزدى ........................................ (1)

9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى(تاكشەن پەرىدە لوگقىسى) بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ........................................ (4)


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى


ئىمان — بارلىق پەزىلەتلەرنىڭ مەنبەسى ........................................ ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد(6)


## قۇرئان كەرىم تەپسىرى


سۈرە«ياسىن»نىڭ قىسقىچە تەپسىرى ........................................ شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد(20)


## خەيرلىك دۇئالار


قۇرئان كەرىمدىكى دۇئالاردىن تاللانما ........................................ ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس(26)


## ۋەز-تەبلىغ


تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت، ئاقىۋىتى ھەسرەت-نادامەت ........................................ يۈسۈپقادىر پەتتار(31)


## مۇسۇلمان ئالىملار


ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................................ يۈسۈپجان سەمەت(35)


## ئالىم-ئۆلىمالىرىمىز


ھەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىمنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىزنالىرى توغرىسىدا ........................................ غوپۇر رىشىت(47)

داڭلىق مۇدەررىس جامال ئاخۇن خەلپىتىم ... مۇھەممەتجان قۇتلۇق(50)





جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال    ئومۇمىي 102-سان)

(季刊    总第102期)



پەخرىي باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى

باش مۇھەررىر: ئادىلجان ھاجى كېرىم

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ

مۇھەررىرلەر: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر

گۈزەل سەنئەت تەھرىرى، بەت ياسىغۇچى:

شەمشىنۇر ھوشۇر

名誉主编: 夏米西丁・哈吉

主编: 阿地里江・阿吉克力木

副主编: 巴拉提・拉吉甫

编　辑: 安尼玩买买提

买买提阿布拉・艾买尔

美编、排版: 夏美希努尔・吾守尔



刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007—5836

دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B

邮发代号: 58—167: پوچتا ۋاكالەت نومۇرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720

国外代号: Q1720



E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغا تەۋە. ھەرقانداق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ رۇخسىتىمىزنى ئالماي تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ياكى باشقىچە ئۇسۇلدا ئىشلىتىشى مەنئى قىلىندۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

2012

1

مەسئۇل ئورۇن: دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100053
تېلېفون نومۇرى: (010) 59313090, 59313021
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:
ئۈرۈمچى شەھىرى خېيلۇڭجياڭ يولى 280-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830002؛ ئالاقىلەشكۈچى: ئەكبەر
تېلېفون نومۇرى: (0991) 5508069
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ(بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主管单位：国家宗教事务局
主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局，乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维编部
地址：北京市宣武区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313090, 59313021
新疆发行站：乌鲁木齐市黑龙江路 280 号
邮编:830002　电话：(0991) 5508069
联系人：艾克拜尔
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## مەسچىت-مەدرىسەلەر

تارانچى مەسچىت ۋە تارانچىلار ............ تۇرسۇن ئەرشىدىن(52)

## ئىسلام بىلىم گۈلزارى

تەجۋىد ئىلمىنىڭ بېكىتىلىشى ............ مۇھەممەد ئىسمائىل(55)
ئىسلام دىنىغا ئائىت ماقال-تەمسىللەر ............ ئىمىر مۇھەممەد(56)

## ئوقۇرمەنلەر ساداسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئۈلگە ............
............ مۇھەممەتتۇرغۇن ئىسمائىل(57)
يۈز سانىمىزغا مۇبارەك ............ مۇھەممەت مۇسا(59)

## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر

2011-يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى ......(60)
ئىران ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى............(54)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى ............ (61)
ۋاڭ زۇئەن باشچىلىقىدىكى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى ............(25)
مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى............(51)
تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار............(64 — 63)
شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 3-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ............(64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: خوتەن چوڭ جامە مەسچىتى

بۇ سان 2012-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى

# 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى
## ( تاڭشەن پەردە لوڭقىسى ) بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى(تاڭشەن پەردە لوڭقىسى) 2011 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە 23 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، سالار، زاڭزۇ قاتارلىق 5 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 50 نەپەر قارى ۋە قارىئە مۇسابىقىگە قاتناشتى. 3 كۈنلۈك جىددىي مۇسابىقە ۋە تاللاش ئارقىلىق، ئەرلەر گۇرۇپپىسى بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ۋەلى مەخسۇت قارى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، چىڭخەي ئۆلكىسىدىن ما پىڭ قارى، شىنجاڭدىن ما يۈن قارى، ئەرشىدىن ئالاھىددىن قارى، يۈننەن ئۆلكىسىدىن ما لۇن قارىلار 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن ما جىنلوڭ قارى، شىنجاڭدىن توختاۋاي شايمەردان قارى، ئابدۇغوپۇر سوپى قارى، يۈننەندىن جاڭ يىڭلوڭ قارى، نىڭشيا ئۆلكىسىدىن ما چېڭلىن قارىلار 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

قۇرئان كەرىمنى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە قىرائەت قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ تەپسىر ۋە شەرھىشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇھىم خىزمىتى. قۇرئان كەرىمنى ياخشى قىرائەت قىلىشتىن مەقسەت ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ياخشى تەربىيەلەش، ئۇلارنى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان، ئۆزئارا ئىناق ئۆتىدىغان، ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇپ كۆڭلى ئازادىلىك بىلەن ياشايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا تېخىمۇ ئەمەل قىلىشقا، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ كىشىلەرنى ھۆرمەتلەشكە، ياخشى ئەمەل - ئىبادەتلەرنى قىلىشقا، قىسقىسى، دىنىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاشقا يېتەكلەيدۇ.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مۇسابىقىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن مۇنداق دېدى: "بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نۆۋەت ئالمىشىش خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 13 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى ھەج تاۋاپقا تەشكىللەپ، ھەج پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيۇشتۇرۇلغان يەنە بىر قېتىملىق مەملىكەت خاراكتېرلىك دىنىي پائالىيەت. بۇنىڭدىن كېيىن بىز بۇ مۇسابىقىنى داۋاملىق ياخشى ئۆتكۈزۈپ، تەپسىر ۋە شەرھىشۇناسلىق ئىدىيە قۇرۇلۇشى بىلەن شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، قۇرئان كەرىم ئارقىلىق دۆلىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىقادىنى تېخىمۇ ساپلاشتۇرۇپ، ئەخلاقىنى تېخىمۇ ياخشىلاپ، ئىدىيەسىنى تېخىمۇ ئىلغارلاشتۇرۇپ، ئىش - ھەرىكىتىنى تېخىمۇ مەدەنىيلەشتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىمىز.

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لېبىن مۇنداق دېدى: "قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيەسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دىنىي پائالىيەت ئېھتىياجىنى تېخىمۇ تولۇق قانائەتلەندۈرۈشكە، دۆلىتىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈشكە

## ئالاھىدە خەۋەرلەر

پايدىلىق". ئۇ ئىسلام دىنى خادىملىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: "بىرىنچىدىن، قۇرئان، ھەدىسنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، دىنىي بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قۇرئان، ھەدىستىن ياخشى پايدىلىنىپ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، قۇرئان، ھەدىسنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك".

يېپىلىش مۇراسىمىغا يەنە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىدىن گو چېڭجېن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىلجان ھاجى كېرىم، سۇلايمان ليۇ كېجى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى، بىر قىسىم ئەرەب-ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق دىپلوماتلىرى ھەمدە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى قاتناشتى.


1995-يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەندىن باشلاپ ھازىرغىچە 9 نۆۋەتلىك مۇسابىقە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، بىر تۈركۈم داڭلىق قارىيلار مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسمىلىرى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

(بېشى 1-بەتتە) سۇرۇشكە كۆپلەپ ھەسسە قوشۇشنى؛ ئېتىقادچى ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا، تىرىشىپ باي بولۇشقا يېتەكلەپ ۋە ياردەملىشىپ، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد بىلەن ئىقتىسادىي پائالىيەتكە قاتنىشىش مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ياردەملىشىپ، ئاممىنى ئىسلاھات، تەرەققىيات داۋامىدا مەنپەئەتنى تەڭشەش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھەر خىل زىددىيەتلەرنى توغرا چۈشىنىشكە يېتەكلەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، زىددىيەتنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى تىرىشىپ قوغداشنى ئۈمىد قىلدى؛ تۈزۈلمە مېخانىزمى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەتنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى يۈرۈشى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئېتىقادچى ئاما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش جەھەتتىكى خىزمەت تۈزۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىنى، دىنىي خىزمەت ئاساسىنىڭ تېخىمۇ پۇختا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى؛ يەنە تەربىيەلەش-يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تەربىيەلەش يوللىرىنى ئېچىپ، تەربىيەلەش مەزمۇنلىرىنى كۆپەيتىپ، تەربىيە قاتلىمىنى ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ، يۇقىرى ساپالىق ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇي لياڭيۇ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى قوشۇمچە گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى ما كەي، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن ئاخۇن، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چۈەن يىن، جۇڭگو داۋجياۋ دىنىنىڭ رەئىسى رېن فارۇڭ، جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فاڭ شىڭياۋ، جۇڭگو كاتولىك دىنى بىشوپلىرى ئۆمىكىنىڭ رەئىسى ما يىڭلىن، جۇڭگو خىرىستىئان دىنى "ئۈچ ئۆز" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھەيئىتىنىڭ رەئىسى فۇ شيەنۋېي، جۇڭگو خىرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى گاۋ فېڭ قاتارلىقلار بۇ قېتىملىق سۆھبەتتە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى بەدرىدىن گو چېڭجېن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىلجان ھاجى كېرىملەرمۇ سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلدى.




ئابدۇۋاھاب مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

"ئىمان" (الإيمان) ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى "ئىشىنىش، تەستىقلاش، چىن پۈتۈش، خاتىرجەم قىلىش" دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرىئەتتىكى ئىستېمال مەنىسى بولسا بارچە ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، ھەممىكى مەۋجۇدات ۋە جانلىقلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى، نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئىسىم - سۈپەتلەرنىڭ يەككە - يېگانە ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە، قۇدرەت كامالىغا ئىشىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ ئەمر - پەرمانى ئاستىدىكى بارلىق پەرىشتىلەرگە، ئىنسانىيەتنى نۇرلۇق يوللارغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئىلگىرى - ئاخىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە، جۈملىدىن سەرۋەرى ئالەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ ئالىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ۋە يەنە ئۇ زاتقا نازىل قىلىنغان (چۈشۈرۈلگەن) ئىلىم - ھېكمەت خەزىنىسى قۇرئان كەرىم ھەم قۇرئان كەرىمدىن ئىلگىرىكى بارلىق ساماۋى كىتابلارغا، ھاياتلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، ئۆلۈمنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ، دۇنيادىكى بارلىق ئىش - ئەمەللەردىن ئېلىنىدىغان ھېساب - كىتابنىڭ راست، ئەمەلىي ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدىكى تەقدىرگە ئىشىنىشنى، پەزلى - مەرھەمىتىگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ جەننەتكە، ئەكسىچە بولغانلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى،**

كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ"{سۈرە«نىسا» (4 ـ سۈرە)، 136 ـ ئايەت}.

ھەممىمىزگە ئېنىقكى، بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ رىسالەت(ئەلچىلىك) ۋەزىپىسىنى، مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتا تۈنجى بولۇپ ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىق قىلغان. ئىمان ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ مۇھىم يوليورۇقى بولۇپ بارلىق پەرزلەرنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە:'ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن(يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار' دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق"{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 36 ـ ئايەت}؛ "(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: 'مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار' دەپ ۋەھيى قىلدۇق"{سۈرە«ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 25 ـ ئايەت}.

ئىمان ــ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ھەققىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم"{سۈرە «زارىيات»(51 ـ سۈرە)، 56 ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەردىكى ھەققى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشى، ئۇ زاتقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدۇر"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىمان يەنە ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن مۇسۇلمان بەندىلىرىگە ئىنئام قىلغان ئەڭ كاتتا نېمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ھېچقانداق نەرسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بىزگە لايىق ئەمەس، بۇ ئاللاھنىڭ بىزگە ۋە ئىنسانلارغا قىلغان مەرھەمىتىدۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ"{سۈرە «يۈسۈف»(12 ـ سۈرە)، 38 ـ ئايەت}.

ئىمان ــ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خاتىرجەم، ئەمىن بولۇشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى. دوزاختىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. زەررە چاغلىق ئىمان بار كىشى دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ئەئرابى كېلىپ: "ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىنى جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك قىلىدىغان ئىككى ئىش قايسى؟" دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: "بىرى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلىدىكەن، ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ. يەنە بىرى، كىمكى ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ(يەنى ئاللاھ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ) ئۆلىدىكەن ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ" دېدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: "بىر بەندە چىن قەلبى بىلەن راستتىن 'بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى' دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلىدۇ"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھنى بىر دەپ تونۇپ، توغرا يولدا ماڭغان كىشى ئىككىلا ئالەمدە سالامەتلىككە ئېرىشىپ، ئاقىۋەتتە خەيرلىك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر"{سۈرە«ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 82 ـ ئايەت}.

ئىمان ــ بەندىلەرنى مەخلۇققا قۇلچىلىق قىلىشتىن، مەخلۇققا زارلىنىپ يېلىنىشتىن، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قورقۇشتىن ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم ـ مەدەت تىلەپ، ئۇنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتىن خارلىقىدىن ئازاد قىلىپ، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ئاراملىق، خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. مانا بۇ ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي ئىززەت ـ ئىكرام ۋە ئالىي شەرەپتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر. ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ). ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ(خەزىنىلىرىنىڭ) ئاچقۇچلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلار ــ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر"{سۈرە«زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 62 ـ، 63 ـ ئايەتلەر}؛ "ئۆزىنى ئاللاھ

يولىغا ئاتىغان، (تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن) يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەيرى-ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار، ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن، ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ، تىلەمچىلىك قىلمايدۇ، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەيرى-ئېھسان قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر"{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 273 ـ ئايەت}.

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئى پالانى! سەن ياتىدىغان چېغىڭدا، 'ئى ئاللاھ! ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، سېنىڭ ساۋابىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىڭدىن قورقۇپ، سەن تەرەپكە يۈزلەندىم. ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم. ئۆزۈمنى سېنىڭ قوغدىشىڭغا يۆلىدىم. پاناھگاھ ۋە قۇتقۇزغۇچى ئۆزۈڭسەن. سېنىڭ نازىل قىلغان كىتابلىرىڭغا ۋە سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىڭگە ئىشەندىم'، دەپ ياتقىن. ئەگەر شۇ كېچىسى قازا قىلىدىغان بولساڭ، ئىمان بىلەن كېتىسەن ۋە ياكى تاڭ ئاتقۇزساڭ ياخشىلىق ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزغان بولىسەن"(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ساپ ئىمان ـ ئېتىقاد ھەقىقەتەن بارلىق ئىچكى ۋە تاشقى ئىبادەتلەرنىڭ مەقبۇل بولۇشىدىكى ۋە تاكامۇللىشىشىدىكى تۈپ ئاساس. قەلبىنى ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكلاش، نىيەتنى توغرىلاش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى؛ ئىمان ۋە سەممىي ئىخلاس كۈچەيگەندىلا بارلىق ئەمەللىرىمىز تولۇقلىنىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغان خالىس ئەمەلدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەجىر ـ ساۋابمۇ بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز(يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)"{سۈرە«فۇرقان»(25 ـ سۈرە)، 23 ـ ئايەت}؛ "ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا(يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە(بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار(يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر"{سۈرە«بەيىينە»(98 ـ سۈرە)، 5 ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تۇرقۇڭلارغا ۋە تاشقى كۆرۈنۈشۈڭلارغا ئەمەس، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ"(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن كىشىلەردىن قەرز ئالسا ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن پۇل-مال ئالسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ قايتۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، كىمكى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى قايتۇرماسلىق نىيىتى بىلەن ئالسا، ئېلىنغان پۇل-مالنى ئاللاھ توزۇتىۋېتىدۇ"(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، خۇددى سودىگەر ئۆز سودىسىدا راستچىل بولسا، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك قىلمىسا، ئۇنىڭ سودىسىغا بەرىكەت ياغقاندەك، بەندىمۇ ئاللاھ تائالاغا قىلغان ئەمەل، ئىبادەتنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، چىن ئىخلاس، سەممىي نىيىتى بىلەن قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تېگىشلىك ساۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەمەلىدىن قىل چاغلىق نەرسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. قىيامەت كۈنى تۈنجى قېتىم رىيا ئىشلاردىن ھېساب ـ كىتاب قىلىنىدۇ. مەخپىي شېرىك بولغان رىيا رىياكالارغا رەسۋاچىلىق ۋە ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە رىيا ئىماننىڭ ئەسلى يىلتىزىدىن تەۋرىتەلمىسىمۇ، لېكىن ئىمانغا يېقىندى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: "ئاللاھ تائالا ئېيتىدۇ: مەن شېرىك كەلتۈرگۈچىنىڭ شېرىكىدىن ئەڭ بىھاجەتمەن، كىم مەندىن باشقا بىر نەرسىنى ماڭا شېرىك قىلىپ بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ شېرىكى بىلەن بىللە قالدۇرىمەن(يەنى مەن ئۇنىڭ

**ئەمەلىگە ھېچقانداق ساۋاب بەرمەيمەن)**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ”**قانداق بىر كىشى رىيا قىلىپ(باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن) ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. قانداق بىر كىشى رىيا قىلىپ رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئۇ كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. قانداق بىر كىشى رىيا قىلىپ سەدىقە بەرسە، ئۇ كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ**“(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

بىر كىشى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە قۇربەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن خالىس نىيەتتە ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا باشقىلار مەدھىيە ـ سانا ئوقۇغان بولسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ ئەجرىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ تىللىرىنى ئۇ كىشىنى مەدھىيىلەشكە مۇيەسسەر قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئىشىنىڭ مەقبۇل بولغانلىقىنىڭ دەلىلى ۋە ھەقلىق رەۋىشتە قىلىنغان گۇۋاھلىقتۇر، شۇنداقلا ئۇ ئادەمنىڭ نىجاتلىققا ۋە سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېرىلگەن بېشارەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھقا: ”ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم بىر ياخشى ئىشنى قىلسا، بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ماختىسا بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟“ دېيىلگەندى. رەسۇلۇللاھ: ”**بۇ بولسا مۇئمىن ئۈچۈن ئالدىنئالا بېرىلگەن خۇش بېشارەتتۇر**“ دېدى(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ساپ ئەقىدە ئىنساننى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش، يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە يېتەكلەيدۇ ۋە مۇسىبەت ـ كېلىشمەسلىكلەر، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئالدىدا سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”**ئى مۇئمىنلەر! تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار**“{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 200 ـ ئايەت}.

سۇھەيب ئىبنى سىنان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**مەن مۇئمىن بەندىنىڭ ئىشلىرىدىن ھەيرانمەن، ئۇنىڭ ھەممىلا ئىشى ياخشىدۇر. لېكىن مۇئمىنلەردىن باشقىلار ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر مۇئمىنگە باياشاتلىق يەتسە، شۈكۈر قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا قاتتىقچىلىق يەتسە سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمان بەندىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتىنىڭ كەڭلىكى، نېمەتلىرىنىڭ سانسىزلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىشى، ھەمدۇسانا ئېيتىشى، بەندىنىڭ ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە نىجاتلىق تېپىشىنىڭ يولى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئەتىگەن ۋە كەچلىك تاماقلىرىدا يېگەن نەرسىلەرگە ھەمدۇسانا، تەشەككۈر ئېيتقان ۋە ئىچكەن نەرسىلەرگە ھەمدۇسانا ئېيتقان بەندىلىرىدىن رازى بولىدۇ**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىمان ـ ئېتىقادلىق كىشى ئۆز رەببىنىڭ ساۋابى ۋە رازىلىقىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن تائەت ـ ئىبادەت ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپى ۋە ئازابىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلمايدۇ. ئۆزىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ھېساب ئېلىپ، ئىماننى كۈچەيتىپ، پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان باغلىنىشنى چىڭىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ”**سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق(ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار(يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ**“{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 45 ـ، 46 ـ ئايەتلەر}.

ئەبۇ يەئلا شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”**ئەقىللىق كىشى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى، ئەمەللەرنى قىلىدۇ، ئەقىلسىز كىشى**

ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن قۇرۇق ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ»(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئىمان — دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتلىك بولۇشنىڭ ئاساسى، ئىسلام ئۇممەتلىرىنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۇلىدۇر. شېرىك ۋە خۇراپاتلىق بولسا بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبى، بۆلۈنۈش ۋە تەپرىقچىلىكنىڭ تۈپ مەنبەسىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «**ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىرىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ**»{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 102 ـ، 103 ـ ئايەتلەر}.

ئىمان ـ ئەقىدە مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ پاك قەلبىگە تىكىلگەن بىر تۈپ يۇمران نوتا. ئۇ پەقەت تائەت ـ ئىبادەت سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغاندىلا، بۈك ـ باراقسانلىشىپ مەزمۇتلىشىدۇ، ئاۋاتلىشىدۇ، كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىدۇ. ئىمان دېگەن قەلبنىڭ ئىشىنىشى ۋە ئەمەل قىلىشى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئىمان بىلەن ئەمەل بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان تەركىبلەر بولۇپ، ھېچقانداق ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، ئىمان داۋاسى قىلىش قۇرۇق گەپ، بەندىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بولسا ئىمانىنىڭ مېۋىسى ۋە كۆرۈنۈشى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «**ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەن كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا(چوڭ) ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا(ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ**»{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 277 ـ ئايەت}.

مۇئمىن مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ساپ ئەقىدىسى، چىن ئىخلاسى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ۋە ئۇ زاتنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇش ئىشەنچىسى ئېلىپ، ھەممە ئىشلىرىدا تولۇق ئىشەنچ بىلەن بىر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «**مۇئمىنلەر(ھەممە ئىشتا) يالغۇز بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن(يەنى ھەممە ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرسۇن)**»{سۈرە«ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت}.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «**ئەگەر ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە خۇددى قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بېرىدۇ. قۇشلار ئەتىگەنلىرى ئاچ ھالەتتە چىقىپ، كەچلىرى توق قورساق قايتىپ كېلىدۇ**»(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ئىشلاردا چارە ـ تەدبىر قىلىش، رىزىق تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ خۇددى قۇشلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئۇۋىسىدا قاراپ ئولتۇرماي، سىرتقا چىقىپ ھەرىكەت قىلىپ تىرىشقىنىغا ئوخشاشتۇر.

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىمىزدە ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھ تائالاغىلا ئىلتىجا قىلىشىمىز بارلىق گۇناھى ـ مەئسىيەتلەردىن، يامانلىقلاردىن ساقلايدىغان تىل تۇمارىدۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «**كىمكى ئۆيىدىن چىققاندا: 'ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھ تائالانىڭ مەدىتى بولمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ' دېسە، ئۇ كىشىگە: 'ھىدايەت قىلىندىڭ، كۇپايە قىلىندىڭ ۋە قوغدالدىڭ' دېيىلىدۇ. شەيتان ئۇنىڭدىن يىراق بولىدۇ**»(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ھاسىل كالام، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەيدىغان بەندە ئىمانىنىڭ ئاساسى ئەركانلىرىنى تولۇق

بىلىۋېلىش ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن باشقا، يەنە بىر قاتار ياخشى ئەمەل ـ ئىبادەت، پەزىلەتلىك ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئىمانىنى دائىم كۈچەيتىپ، مۇستەھكەملەپ تۇرۇشى زۆرۈردۇر. ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئىمانىمىزنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئاجىزلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز؟

مەن بۇ ماقالىدە قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىس شەرىفلەردىن نەقىل ئېلىپ تۇرۇپ، ئىمانىمىزنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، ئىمانىمىزنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر قاتار ئەمەل ـ ئىبادەتلەر، ئىسلامى گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەن.

**1**. ھەقىقىي مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھىي ئەمرىگە ئىتائەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت ـ تەۋسىيىسىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن بارلىق ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدە، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە، يوشۇرۇن ـ ئاشكارا ھالەتلىرىدە قەلبىنى ۋە نەپسىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن ۋە دىن ـ شەرىئەت يامان كۆرىدىغان شېرىك ـ نىفاق، پىسقى ـ فۇجۇر پاسكىنىلىقلىرىدىن پاكلاپ، نىيىتىنى ۋە ئەمەلىنى توغرىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى ئاللاھ تائالا سەمىمىي نىيىتى، پاك قەلبى، پاكىز نەپسى بىلەن ئۆزىگىلا خاس ئىبادەت قىلغان بەندىسىنى دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭ تىلەك ـ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئىشلىرىنى غەلىبىلىك، مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭ دىلىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ، نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى-فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ"**{سۈرە«شەمس»(91 ـ سۈرە)، 9 ـ ، 10 ـ ئايەتلەر}؛ **"(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسەتكە يەتتى"**{سۈرە«ئەئلا»(87 ـ سۈرە)، 14 ـ ئايەت}.

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: **"ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھۇرۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن ۋە بەك قېرىپ كېتىشتىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! نەپسىمنى تەقۋادار قىلغىن ۋە ئۇنى پاك قىلغىن، ئۇنى پەقەت سەنلا پاك قىلىسەن، سەن ئۇنى قوغدىغۇچىسەن ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىدۇرسەن، ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ پايدىسىز ئىلىمدىن، بويسۇنماس قەلبتىن، تويماس نەپسىدىن ۋە ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

**2**. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز، تەلەپلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىپ، چەكلىمىلىرىدىن پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **"بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ"**{سۈرە «ئەنئام»(6 ـ سۈرە)، 153 ـ ئايەت}؛ **"(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، 'ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ'"**{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت}؛ **"پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار"**{سۈرە «ھەشر»(59 ـ سۈرە)، 7 ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەججەتۇل ۋىدادا (ۋىدالىشىش ھەججىدە) مۇنداق دېگەن: **"مەن سىلەرگە ئىككى ئەگۈشتەرنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئۇنى چىڭ تۇتساڭلار مەڭگۈ ئادىشىپ قالمايسىلەر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ كىتابى(قۇرئان) ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر"** (سۇھەيلى رىۋايەت قىلغان).

**3**. ئۆز دىنىمىزنىڭ ئاساسلىرىغا ۋە شەرئى ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلىشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزنى ھېس قىلىپ، ھەرقاچان ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىماننىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆز ئەمەلىمىزنى تۈزىتىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەممە ئىشلىرىمىزنى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ

بىرلىكىنى، قۇدرەت كامالىتىنى، بارلىق مەخلۇقاتىنىڭ رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا موھتاج ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: **"سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگە، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر"** {سۈرە «ھەدىد» (57 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت}؛ **"ئاللاھ سېنى (نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ناماز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى (سەجدىگە بارغانلىق، رۇكۇغا تۇرغانلىق ۋە قىيامدا تۇرغانلىق) ھەرىكىتىڭنى كۆرۈپ تۇرىدۇ"** {سۈرە «شۇئەرا» (26 ـ سۈرە)، 218 ـ، 219 ـ ئايەتلەر}.

ئەبۇ زەر ۋە مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"قەيەردىلا بولساڭ، ئاللاھ تائالاغا تەقۋادار بولغىن ۋە بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالساڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ياخشىلىق قىلغىن، ئۇ ياخشىلىق يامانلىقنى ئۆچۈرىدۇ. كىشىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغىن"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

**4**. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىدا، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش شەرتتۇر. چۈنكى، ئىبادەتلەرنىڭ قوبۇل بولۇشى، گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئىمانغا ئاساسلىنىدۇ. مۇئمىن مۇسۇلمان ئادەم تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىشى، بولۇپمۇ بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، ئىستىغپارنى داۋاملاشتۇرۇشى، ھەقىقىي پۇشايمان قىلىپ، گۇناھتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈپ، يېگانە ئاللاھقىلا ئىلتىجا قىلىشى ۋە ئاللاھ تائالاغا پۈتۈنلەي يۈزلىنىشى، ئۇنىڭغا كاپپارەت بولىدىغان (يەنى گۇناھنى يوققا چىقىرىدىغان، يۇيىدىغان) ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى لازىم. چۈنكى، تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىش، بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىدىكى ۋاستە بولۇپ، بەندىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدا مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان تەۋبە ـ ئىستىغپارىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، يوققا چىقىرىدۇ. بىر كىشىنىڭ قىلغان گۇناھى ئاللاھ تائالا بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى ئىش بولسا، بەندىنىڭ ھەققى بىلەن چېتىشلىقى بولمىسا، ئۇنىڭغا گۇناھتىن يېنىش، گۇناھىغا پۇشايمان قىلىش، شۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاشتەك ئۈچ شەرت لازىم بولىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنىڭ بىرى ھازىرلانمىسا، ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسى سەممىي تەۋبە بولمايدۇ. يۇقىرىقى شەرتنى ھازىرلىماي تۇرۇپ، تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتقانلىق پەقەتلا نوقۇل دۇئادىنلا ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر كىشىنىڭ گۇناھى بەندىنىڭ ھەققىگە چېتىشلىق بولسا، ئۇنىڭ شەرتى يۇقىرىقى ئۈچ شەرتتىن بۆلەك، تۆتىنچى شەرتنى ئورۇنداش لازىم. ئۇ بولسىمۇ ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە: ئەگەر مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ماددىي نەرسە ـ كېرەكلەر بولسا، ئۆز ئىگىسىگە تولۇق قايتۇرۇشى، ئەگەر بوھتان، قارا چاپلىغان بولسا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەسەت قىلىش، غەيۋەت قىلىش، ئابرۇيىنى تۆكۈشتەك مەنىۋى ئازارلار بولسا، ھەق ئىگىسىنىڭ ئەتنىنى ئېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ياكى ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلىش، ئەگەر غەيۋەت قىلغان بولسا ئاشۇ كىشىدىن ئەپۇ سوراش كېرەك. ھەمدە شۇندىن كېيىن ياخشى ئىشلارغا ئەگىشىش، ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى لازىم. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا چىن ئىخلاسى بىلەن قىلغان تەۋبىسىنىڭ راستلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ"** {سۈرە «تەھرىم» (66 ـ سۈرە)، 8 ـ ئايەت}؛ **"ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار"** {سۈرە «نۇر» (24 ـ سۈرە)، 31 ـ ئايەت}.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: **"ئى ئادەم بالىسى! ماڭا دۇئا قىلساڭ ۋە مېنىڭدىن ئۈمىد قىلساڭ، بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن، پەرۋا قىلمايمەن. ئى**

**ئادەم بالىسى! سېنىڭ گۇناھلىرىڭ ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولسىمۇ، سەن مەندىنلا مەغپىرەت تىلىسەڭ، مەغپىرەت قىلىمەن، پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر ماڭا زېمىنغا بىر كەلگۇدەك گۇناھ بىلەن كېلىپ، ئاندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئۇچراشساڭ، مەنمۇ ساڭا زېمىنغا بىر كەلگۇدەك مەغپىرەت بىلەن مۇلاقات بولىمەن“**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىنى داۋاملىق تەۋبە قىلىشقا، گۇناھتىن قول ئۈزۈشكە تەرغىب قىلىپ، ئەغەر ئىبنى يەسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: ”ئى **خالايىقلار! ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار ۋە ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ھەقىقەتەن مەن كۈندە يۈز قېتىم تەۋبە قىلىمەن“** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئاللاھ تائالا داۋاملىق ئىستىغپار ئېيتىدىغان ئادەمگە چىقىش يولى بېرىدۇ. ھەرقانداق غەم-غۇسسىدىن خالاس قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ“**(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ قىلغان تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلار دالادا تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ تېپىۋالغان ۋاقتىدىكى خۇشاللىقتىنمۇ ئارتۇق خۇشال بولىدۇ“**(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇئمىن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى، بەندىلىرىگە ھىدايەت يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، تەۋبە دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى، ھەرگىز نائۇمىد بولماسلىقى لازىم. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشى كۇفرىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **”(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، ‚(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمىگىنىڭلاردىن بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار“**{سۈرە «زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 53 ـ ، 54 ـ ئايەتلەر}.

ئىنسانىنىڭ تەۋبىسى چوقۇم سەكراتقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئىلگىرى بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **”ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي، (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر، ئاللاھ ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر“**{سۈرە «نىسا» (4 ـ سۈرە)، 17 ـ ئايەت}.

بىزنىڭ ئىستىغپار(يەنى ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن)دىن كېيىن، تەۋبە(يەنى ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىمەن) دېيىشىمىز، ئىستىغپارىمىزنىڭ مەزمۇنىنى كۈچەيتىدۇ ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى: **”ئاللاھ تائالانى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، ئاللاھ تائالانى مەدھىيىلەيمەن، ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىمەن“** دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇيتتى(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”بەندە سەكراتقا چۈشۈپ قالمىغانلا بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ“** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەپسىمىزگە ئەگىشىپ كەتمەسلىكىمىز، يامان غەرەزلىك ئادەملەر تەرىپىدىن ئالدىنىپ، قايمۇقتۇرۇلۇپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ھەممە ئىشلاردا ئېھتىياتچان ۋە سەگەك بولۇشىمىزغا، سەۋەنلىك سەۋەبىدىن سادىر قىلىپ سالغان گۇناھلارغا يېقىن يولىماسلىقىمىزغا ئاگاھلاندۇرۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: **”مۇئمىن ئادەم يىلان**

**چىقىۋالغان تۆشۈككە قايتا قولىنى سالمايدۇ**“(بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

5. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، تەقۋادارلىقنى چىڭ تۇتۇپ، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى شەرتسىز ئىجرا قىلىشىمىز، ئاللاھ تائالا چەكلىگەن چەكلىمىلەردىن دەرھال قول ئۈزۈشىمىز، ھەممە خىل ھالەتلىرىمىزدە تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىشىمىز لازىم. چۈنكى ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش جەننەتكە كىرىشنىڭ شەرتى ۋە يولى بولۇپ، كىشىنى بۇ دۇنيادا خاتىرجەملىككە، قىيامەت كۈنىدە خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە شان ـ شەرىپى ئاللاھ تائالاغا قىلغان تەقۋادارلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. تەقۋادار بەندە دۇنيادا ياخشىلىققا نائىل بولغۇچى، ئاخىرەتتە دەرىجىسى ئۈستۈن بولغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: „**كىمكى ئاللاھدىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ**“{سۈرە«تەلاق»(65 ـ سۈرە)، 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەر}؛ „**ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاللاھدىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر**“{سۈرە «ئەنفال»(8 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت}.

ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججەتۇل ۋىدادا(ۋىدالىشىش ھەججىدە) مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: „**ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇڭلار، رامىزان روزىسىنى تۇتۇڭلار، ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىڭلار، ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ جەننىتىگە كىرىسىلەر**“(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

6. رىزىق تەلەپ قىلىش، گۇناھتىن مەغپىرەت سوراش، بالا ـ قازادىن ساقلىنىشتەك ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇربىتى يەتمەيدىغان ئىشلاردا پەقەت بىر ئاللاھ تائالادىن ياردەم سورىشىمىز(ئەمما ئادەتتە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆتنە ئېلىش، قەرز ئېلىش، مەسلىھەت سوراشتەك ئىشلار بولسا بۇنىڭ سىرتىدا) ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدىكى تەقدىرىگە، پۈتۈۋەتكەن ئىشلارنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا، ئەمەلدىن قالمايدىغانلىقىغا ھەقىقى ئىشىنىشىمىز، يۈز بېرىپ بولغان، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئورۇنسىز ئۆكۈنمەسلىكىمىز، بەلكى كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىمىز ئۈستىدە ئاللاھ تائالادىن ھىدايەت، تەۋپىق، توغرا يول، ياردەم تىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: „**بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق**“{سۈرە«قەمەر» (54 ـ سۈرە)، 49 ـ ئايەت}؛ „**يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىلغان، بۇ(ئىش)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا ئاساندۇر. (ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە ئاللاھ بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، ئاللاھ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ**“{سۈرە«ھەدىد»(57 ـ سۈرە)، 22 ـ، 23 ـ ئايەتلەر}.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، بىر كۈنى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلىغىنىنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: „**ئى ئوغۇل، مەن ساڭا بىر نەچچە ئېغىز سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي: ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرغىن، ئاللاھ تائالامۇ سېنى ياد ئېتىدۇ، ئاللاھ تائالانى ياد ئەتكىن، ئاللاھ تائالانى ئالدىڭدىلا تاپىسەن، قاچانكى، بىرەر نەرسە سورىماقچى بولساڭ، ئاللاھدىن سورا، ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ، ئاللاھتىن تىلە، بىلگىنكى ئەگەر جىمى ئادەملەر ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىسىدىن باشقىنى بېرەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلار ساڭا بىرەر نەرسە بىلەن زىيان يەتكۈزۈشكە يىغىلسىمۇ، ئاللاھ تائالا ساڭا پۈتۈۋەتكەن نەرسىدىن باشقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى(يەنى تەقدىر ئاللىقاچان پۈتۈلۈپ بولدى)**“ دېدى(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **”ئاللاھ تائالادىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىزلىقنى ئۆزۈڭگە يولاتمىغىن، ئەگەر ساڭا بىر كۆڭۈلسىزلىك يېتىپ قالسا، ئۇنداق قىلغان بولسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلسام بوپتىكەن دېمىگىن، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى شۇ ئىكەن، ئاللاھ تائالاغا خالىغان نەرسە بولىدۇ دېگىن، ‘ئەگەر، كاشكى’ دېگەندەك سۆزلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىپ (بەندىنى ئازدۇرۇش) ئىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ“** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

7. بىز مەيلى قېرى ـ ياش، ساق ياكى كېسەل كىشى بولايلى چوقۇم ئۆلۈمنى قەلبىمىزدە ياد ئېتىپ، كۆز ئوڭىمىزدا تۇتۇشىمىز، تۈرلۈك ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئۆلۈمنى ياد ئېتىش كىشىنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق، تائەت ـ ئىبادەتكە تېخىمۇ يېقىن ۋە ھېرىسمەن قىلىدۇ، ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرگەننىڭ ئەجىر ـ ساۋابىغا نائىل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **”ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقنى بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقنى بىلمەيدۇ“**{سۈرە«لوقمان» (31 ـ سۈرە)، **34** ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئۆلۈمنى ياد ئېتىڭلار“**(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرمۇنچە سىزىق سىزىپ مۇنداق دېگەن: **”مانا بۇ ئىنساننىڭ ئارزۇلىرى، مانا بۇ ئۇنىڭ ئەجىلى، ئىنسان بىخەۋەر يۈرگەندە ئەجەل يېقىن كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ“** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: **”كەچقۇرۇنلۇقى ئەتىگەنلىكىڭنى كۈتمىگىن، ئەتىگەنلىكى كەچقۇرۇنلۇقىڭنى كۈتمىگىن، ساق ۋاقتىڭنى غەنىيمەت بىلىپ، كېسەل ۋاقتىڭدا قىلالمايدىغان ئىشلىرىڭنى قىلىۋال، ھاياتلىقىڭنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆلگەندىن كېيىن قىلالمايدىغان ئىشلىرىڭنى قىلىۋال“** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ھەرقانداق بەندە قانداق ھالەتتە ئۆلگەن بولسا، شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ“**(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

دېمەك، ھاياتلىق ۋە سالامەتلىك مۆئمىن ئۈچۈن ئىككى چوڭ نېمەت بولۇپ، بۇ ئىككىسىدىن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن پايدىلىنىش، ھەرگىزمۇ ئاخىرەتلىك ئۈچۈن پايدىسىز بولغان ئىشلار بىلەن ئۇلارنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك كېرەك. كۆپرەك تائەت ـ ئىبادەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھەربىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ۋە ھەم قۇرۇق ئارزۇنى ئاز قىلىش لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئەمەللەرنى تۈزەپ، ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ، ھورۇنلۇق، سۆرەلمىلىك، غەپلەت بېسىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئىككى خىل نېمەت بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي زىيان تارتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەتتۇر“**(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**8**. ئاسمان ـ زېمىننىڭ يارىتىلىشى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، قۇدرەت كامالىنى تونۇشىمىز، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە ئۇ سۈپەتلەرنىڭ مەنتىقىلىق چۈشەنچىلىرىنى ئىلمىي تونۇشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **”شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) ‘پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن’ “**{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، **190** ـ ، **191** ـ ئايەتلەر}.

**9**. ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش، پەزلى ـ مەرھەمىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خالىس نىيەتتە جانلىق ئىزدىنىپ، بىلىم ئىگىلەپ، بىلىش بىلەن ئەمەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى ئىلىم تەلەپ قىلىش دوزاختىن

يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان، ئەجىر ـ ساۋابى كاتتا ئىبادەت بولۇپ، مۆئمىن مۇسۇلماننى روشەن پاكىتقا ئىگە قىلىپ، پايدىلىق، خەيرلىك ياخشى ئىشلارغا باشلايدۇ. ھەمدە قەلبىگە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيالايدىغان روشەن نۇرنى كىرگۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق توغرا ئىشلارنى ئايرىيالايدىغان ئىقتىدار، قابىلىيەتكە ئىگە قىلىدۇ، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئەڭ شەرەپلىك، بەندە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ساۋابى ئوخشاشلا داۋاملىشىپ تۇرىدىغان سەدىقە جارىيە خاراكتېرلىك ئەمەل بولۇپ، ئادەتتىكى نەفلە ئىبادەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدۇ. چۈنكى، نەفلە ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئۆزىلا نەپكە ئېرىشسە، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئۆزگىنىمۇ نەپكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: “**ئېيتقىنكى، ‘بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟’**” {سۈرە «زۇمەر» (39 ـ سۈرە)، 9 ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**ئى ئەبۇ زەر! ئەتىگەندە چىقىپ ئاللاھنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت ئۆگىنىشىڭ يۈز رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشى، ئەتىگەندە چىقىپ ئەمەل قىلىنغان ياكى قىلىنمىغان ئىلىمدىن بىر باب ئۆگىنىشىڭ مىڭ رەكئەت نەفلە ناماز ئوقۇغىنىڭدىن ياخشى**” (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان).

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**ئىلىم ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، قەلبىدىكى ئىلىم، ئۇ پايدىلىق ئىلىم، يەنە بىرى، تىلىدىكى ئىلىم، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەۋلادلىرى ئۈستىدىكى ھۆججىتىدۇر**” (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

ئىلىم ھەم باقىدۇر، ھەم ئەبەدىي ئۇ،
ئىلىمدىن باشقىسى، سېۋەتتىكى سۇ.
نېمە ئۇ ئىلىمسىز؟ ھايۋاندۇر پەقەت،
جانسىز تەن، بىزەكلىك بىر ئايۋان پەقەت.
(كامالىدىن بىنائى ئەسەرلىرى)دىن.

ئىلىمگە قارىتا كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. بىر خىلى، ئىلىم ئۆگىنىپ ئەمەل قىلىپ، باشقىلارغا ئۆگىتىپ، ئۆزىمۇ ۋە باشقىلارمۇ پايدىلىنىدىغانلار بولۇپ، بۇ خىلدىكىلەر ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى خىلى، ئىلىم ئۆگىنىپ ھەم باشقىلارغا ئۆگىتىدىغانلار بولۇپ، ئۆزى ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىلدىكىلەر بىرىنچى خىلدىكىلەردىن نەچچە دەرىجە تۆۋەنرەك تۇرىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكىسى، ئىلىم ئۆگىنىش ـ ئۆگىتىشنى ۋە ئىلىمنى ئاڭلاپ پايدىلىنىشتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەر بولۇپ، بۇ خىلدىكىلەر بولسا ئەڭ زىيانكار كىشىلەردۇر.

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: “**مەن ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە شەرىئەت ئىلمى زېمىنغا ياغقان مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ. بەزى يەرلەر مۇنبەت بولۇپ، يامغۇرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە نۇرغۇن ئوت-چۆپلەرنى ئۈندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى يەرلەر گىياھ ئۈنمەس، سۇ سىڭمەس تېتىر بولۇپ، ئۈستىدە سۇ لەيلەپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ. شۇ سۇدىن كىشىلەر ئىچىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ. يەنە بىر قىسىم تۇزلەڭ، شورتاڭ يەرلەر بولۇپ، ئۈستىدە سۇمۇ تۇرمايدۇ، گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ، ئەنە شۇ يۇقىرىدىكىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى چۈشىنىپ، مەن ئاللاھ تەرىپىدىن كەلتۈرگەن تەلىماتتىن، ئىلىم-ھېكمەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇ تەلىماتقا قاراپ باقمىغان ۋە مەن(ئاللاھ تائالا) تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمنىڭ مىسالىدۇر**” (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشتە شۇ بەكمۇ زۆرۈركى، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار ۋە ئىلىم ئۆگەتكۈچى ئۆلىمالار چوقۇم ئىلىم تەلەپ قىلىشتا ۋە ئىلىم ئۆگىنىشتە خالىس بولۇپ، سەممىي نىيىتى بىلەن ئۆگىنىشى ۋە ئۆگىتىشى، ئەخلاق ـ پەزىلەت، يۈرۈش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزدە پەيغەمبەرلەر سەردارى، ئەخلاق ئۈلگىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشى، ئۇ زاتنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىشى، ئۆگەنگىنىگە ۋە ئۆگەتكىنىگە ئىمكانىقەدەر ئەمەل قىلىشى، شۇ ئارقىلىق مۇكەممەل پايدىلىق ئىلىمگە ئېرىشىپ، ئىككى ئالەمنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**كىمكى ئاللاھ تائالا رازىلىقى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيالىق بىرەر غەرەز ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ**››(ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان)؛ ‹‹**كىمكى ئۆلىمالار بىلەن رىقابەتلىشىش ئۈچۈن ياكى نادان ئادەملەر بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن ياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلسا ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ**››(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

‹‹ئىككى خىل كىشىنىڭ جاپا تارتقىنى بىكار،
تىرىشقىنى پايدىسىز: بىرى، مال يىغدى، يېمىدى؛
يەنە بىرى، ئۆگەندى، ئەمەل قىلمىدى››.
ئىلىمنى قانچىلىك ئۆگەنسەڭ، ئۆگەن،
مۇبادا ئىشلەتمىسەڭ، نادانسەن.
ئەمەسسەن نە ئالىم، نە بىر دانىشمەن،
تۆت پۇتلۇق ئۇلاغسەن، كىتاب يۈكلەنگەن.
ئۇ بىر، مېڭىسىزكى، ھېستىن بىخەۋەر،
بىلمەس ئۈستىدىكى ئوتۇنمۇ، دەپتەر.
ئىلىم دىنىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر، ھەرگىز مال ـ دۇنيا تېپىش ئۈچۈن ئەمەس.
كىمكى پەرھىز، ئىلمۇتەقۋالىقنى سېتىپ پۇل قىلار،
بىر دۆۋە خامانىنى توپلاپ، ئوت يېقىپلا كۆل قىلار.

(شەيخ سەئدىنىڭ: «گۈلىستان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىن ئېلىندى).

**10**. بىز مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشتا نەپسى خاھىشىمىز بويىچە ھېسسىياتقا تايىنىپ شەرئى ئاساسسىز، دەلىلسىز، قارىسىغا پەتىۋا بەرمەسلىكىمىز، بىلمىگەن مەسىلىلەرنى شۇ يۈرتتىكى بىلىملىك، نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلىلىرىگە تاپشۇرۇشىمىز، ئىسلام دىنىمىزنىڭ پەتىۋا چىقىرىش روھى پرىنسىپىغا ئاگاھلىق بويسۇنۇشىمىز، بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلىپ، گۇناھكار بولۇپ قالماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى بۇنداق ئاساسسىز(ھالال ـ ھارام، بولىدۇ ـ بولمايدۇ)، دەپ ھۆكۈم قىلىش ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغانلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۆھمەت قىلغانلىق بولۇپ ئۆز ـ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ ھەم باشقىلارنى ھەقتىن قايمۇقتۇرۇپ، كىشىلەرنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ‹‹**ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن(ھېچقانداق دەلىلسىز) ’بۇ ھالال، بۇ ھارام‘ دېمەڭلار، چۈنكى(مۇنداقتا) ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن(دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ**››{سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 116 ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹‹**ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ھالال قىلغىنى ھالال، ھارام قىلغىنى ھارامدۇر. ئاللاھنىڭ سۈكۈت قىلغىنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسى بولۇپ، ئاللاھنىڭ بۇ ئەپۇسىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس، دەپ: ’پەرۋەردىگارىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇمايدۇ‘** ›› دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان(ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹**كىمكى مەن دېمىگەن سۆزنى يالغاندىن مېنى دېدى دېسە، ئۇ ئادەم جايىنى دوزاخ دەپ بىلسۇن**››(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

**11**. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: ‹‹**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر**››{سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 104 ـ ئايەت}، دېگەن ئىلاھى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىمىزگە مەسئۇل بولۇپ، بىر ـ بىرىمىزگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشىمىز، نەسىھەت قىلىشىمىز، ھېكمەتلىك ئۇسلۇب بىلەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشىمىز لازىم. چۈنكى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئالاھىدە خىسلىتى، ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، بارلىق ئىسلام ئەھلىگە ئورتاق مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ. شۇڭا ھەممىمىز ئورتاق ھەرىكەتكە كېلىپ، ئارىمىزدا ياخشى ئىشلارغا مەدەت بېرىپ، يامان ئىشلارغا لەنەت ياغدۇرىدىغان، نارازىلىق بىلدۈرىدىغان توغرا كەيپىيات شەكىللەندۈرىشىمىز لازىم. كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان يامان ئىشلارغا، يامان ھەرىكەتلەرگە، چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىقلارغا قارشى ئىنكاس قايتۇرماي، قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىپ، كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈشىمىز، شۇنداق بىئەدەپ،

بىنومۇس ئادەملەرنىڭ، يامان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ يىلدىن ـ يىلغا، كۈندىن ـ كۈنگە ئەدەپ، سان جەھەتتىن كۆپىيىپ كېتىشىگە يول قويغانلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ئىلاھى ئەمرىدىن باش تارتقانلىق بولىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي توغرا كەيپىيات تىكلەشتە ئالدى بىلەن ئەخلاقسىزلىق، رەزىللىكلەرنى چەكلەشكە پايدىلىق ئومۇمىي جامائەت پىكرى ھازىرلاشقا ئىزچىل تىرىشىشىمىز لازىم. ناچار ئىش، ناچار ھادىسىلەرگە، ناتوغرا كەيپىياتلارغا قارىتا ھەممىمىز تەنقىدى مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا دائىم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغان، باشقىلارنى شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان مەسئۇلىيەتچان بەندىلىرىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ؛ ئەنە شۇلار ياخشىلاردىندۇر"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، **114** ـ ئايەت}؛ **"زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر"** {سۈرە «ئەسر» (**103** ـ سۈرە)، **1—3** ـ ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبلەردىن ۋەھىينىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندە كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت ـ بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ۋىجدانى يوقۇلۇپ، كىشىنىڭ كىشى بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەممە ئادەم ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ يۈرۈۋېرىدىغان ھالەتنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەن: **"مېنىڭ ئۈممىتىم ئەمرىمەرۇپنى تەرك ئەتسە، ئۇلاردىن ئىلاھى ۋەھىينىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ"** («ياخشىلار باغچىسى» دىن ئېلىندى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىسىدە ناشايان ئىشلارنى كۆرمەسكە سېلىۋالساقمۇ، كۆزىمىزنى چىڭ يۇمۇۋالساقمۇ بەرىبىر رېئاللىقتا "نېمە ئامال!" دەپ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرۇش بىلەنلا ئىسلام ئەھلىنىڭ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، يامان ئىشلارنىڭ شۇملۇقى يامانلارنىڭ بېشىغىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياخشىلارنىڭمۇ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: **"مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان (يەنى ئاللاھ تائالا) بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشۇڭلار كېرەك، ئۇنداق قىلالمىساڭلار پات يېقىندا ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆز تەرىپىدىن بىر بالا-قازا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلار، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)؛ **"ئاللاھ بىر قەۋمگە ئازاب-ئوقۇبەت كەلتۈرسە، ئازاب-ئوقۇبەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەڭ كېلىدۇ، ئاندىن قىيامەت كۈنى ئۇلار ياخشى-يامانلىقىغا قاراپ ئايرىلىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

بۇ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەيدۇ ۋە شەرھلەيدۇ. **"سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا-قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر"** {سۈرە «ئەنفال» (8 ـ سۈرە)، **25** ـ ئايەت}.

12. ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپى ۋە نىشانى مەڭگۈلۈك شۇئار بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، قېرىنداشلارچە ئۆم ـ ئىناق ئۆتۈشىمىز، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىمىز، ھەر ئىشتا ئۆزئارا مەسلىھەت ـ كېڭەش قىلىشىمىز، بىرلىشىشىمىز، ئومۇمىي جامائەتتىن بىر غېرىچمۇ ئايرىلماسلىقىمىز، ئىتتىپاقسىزلىق، تەپرىقىچىلىككە سەۋەب بولىدىغان گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارماسلىقىمىز، شۇ ئاساستا ئامان ـ ئېسەنلىك، خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار"** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49 ـ سۈرە)، **10** ـ ئايەت}؛ **"ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، **159** ـ ئايەت}.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**"ئاللاھ سىلەرنىڭ ئۈچ ئىشىڭلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۈچ ئىشىڭلارنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىڭلاردىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا بىردەك مەھكەم يېپىشىشىڭلاردىن، ئايرىلماسلىقىڭلاردىن مەمنۇن بولىدۇ. سۆز-چۆچەك قىلىشىڭلاردىن، كۆپ سوئال سورىشىڭلاردىن، پۇل-مالنى بۇزۇپ-چېچىۋېتىشىڭلاردىن نارازى بولىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"مۇئمىنىنىڭ مىسالى ئۆزئارا دوستلىشىش، كۆيۈنۈش ۋە يار-يۆلەك بولۇشتا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ، بەدەندىن بىرەر ئەزا ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەندىن ئۇيقۇ قېچىپ ۋە قىزىپ ئارامسىزلىنىدۇ"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلار ئارا ئىتتىپاقسىزلىق، ئۆچمەنلىك سەۋەب قىلىنىدىغان ئىشلاردىن يىراقلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: **"مۇئمىن مۇئمىنىنىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇئمىنگە قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ېلىنى سېتىۋېلىشى ۋە قېرىندىشى يېڭىۋالمىغۇچە ئۇنىڭ ئالماقچى بولغان لايىقىغا ئېغىز ئېچىشى ھالال بولمايدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مەرىپەتپەرۋەر مائارىپچى، ئاتاقلىق ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ «ئەقائىد زەرۇرىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا توختىلىپ: "ئەلنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقى بىرى جاھالەت ۋە نادانلىقتىن بولسا، يەنە بىرى تەپرىقىچىلىك ۋە ئىختىلاپتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىنساننىڭ ئىززەت - ئابرۇي ۋە كۈچ - قۇۋۋەت تېپىشى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىقتىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا جانابىي ھەق تائالا بىزلەرگە: **'ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا(يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار'** {سۈرە«ئال ئىمران»(3 - سۈرە)، **103** - ئايەت}، دەپ ئىتتىپاقلىققا ئەمىر قىلغان" دېگەن ئىدى.

دېمەك، ئىسلام دىنىمىز كىشىلەردىن كامىل ئىنسان، كامىل مۇسۇلمان بولۇشنى، ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى، ئادىل ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، كۆيۈمچان بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: قورغاس ناھىيە لەڭگەر يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمام - خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)






شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

(بۇ سۈرە بىر قەدەر ئۇزۇن بولغاچقا، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ يەردە مەيلى ئەرەبچە لەفزى بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بولسۇن بىردەك بېرىلمىدى. رەسمىي تەپسىر قىسمىغا ئۆتكەندە ھەربىر ئايەتنىڭ ئەرەبچە لەفزى ۋە تەرجىمىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېرىلىدۇ ۋە تەپسىر قىلىنىدۇ).

## سۈرە ھەققىدە

سۈرە «ياسىن» **83** ئايەت، مەككىدە نازىل بولغان. لېكىن بىر بۆلۈك مۇفەسسىر[1]لەر بۇ سۈرىدىكى ئاللاھ تائالانىڭ "**...ئۇلارنىڭ (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى-يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز...**" دېگەن كالامى مەدىنىدە نازىل بولغان، بۇ كالامى شەرىف ئەنسارلار[2]دىن بولغان بەنى سەلەمە جەمەتى ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز مەھەللىرىنى تاشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولغان، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت چۈشكەن، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنداق ئەمەس، بۇ كالامى شەرىفمۇ ئەسلىدە بۇ سۈرىنىڭ باشقا ئايەتلىرىگە ئوخشاش مەككىدە نازىل بولغان، لېكىن بەنى سەلەمە جەمەتى[3]نىڭ جامائەت نامىزىغا كۆپرەك قاتنىشىپ تېخىمۇ كۆپلەپ ساۋاب ئېلىش مەقسىتىدە مەسچىت يېنىغا كۆچۈپ كەلمەكچى بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي ئەھۋالى مەدىنىدە تەتبىقلانغان. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆز مەھەللىرىدىن كۆچۈپ كەلمەسلىكىنى جېكىلەپ: "ئى بەنى سەلەمە جامائەسى! جايىڭلاردىن يۆتكەلمەڭلار، باسقان قەدىمىڭلارنىڭ ساۋابى يېزىلىپ تۇرىدۇ" (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) دېگەن سۆزنى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ ئۇلارنىڭ ئۆز مەھەللىرى بىلەن مەسچىت ئارىلىقىدا ماڭغان قەدەم ئىزلىرىغا ئاللاھ كاتتا ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. جابىر ئىبنى زەيدنىڭ رىۋايىتى بويىچە "بۇ سۈرە نازىل بولۇش تەرتىپى ئېتىبارى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ **41** ـ سۈرىسى؛ قۇرئان كەرىمگە تىزىلىش ئېتىبارى بىلەن **36** ـ سۈرىسى بولۇپ سۈرە «جىن»دىن كېيىن،

[1] مۇفەسسىر ـــ تەپسىر ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى، تەپسىرشۇناس، تەپسىر قىلغۇچى ـ ئا.

[2] ئەنسارلار ـــ مۇھاجىرلارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن سۆز بولۇپ، ياردەمچىلەر، دېگەن مەنىدە. ئەنسارلار مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بولۇپ ئەينى دەۋرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان مۇھاجىرلارنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشىگە كۆپلەپ ھەسسە قوشقان كىشىلەر ـ ئا.

[3] بەنى سەلەمە جەمەتى ـــ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئەۋس بىلەن خەزرەجدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قەبىلىنىڭ بىرى خەزرەج قەبىلىسىگە مەنسۇپ مەشھۇر بىر جەمەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سەلەمە ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قارىتا ئىشلىتىلىدىغان جەمەت نامى ـ ئا.

سۈرە«فۇرقان»دىن ئىلگىرى نازىل بولغان"(تەھرىر-تەنۇردىن). بۇ سۈرە 80 ئايەتلىك سۈرە بولسىمۇ، ئۇزۇندىن ئىلگىرىكى 45 ئايەتلىك سۈرە«فاتىر»دىن قىسقا بولۇپ، رىتىمى تېز، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئوقۇغۇچىنى بىر خىل ئىلاھىي مۆڭ، بىرخىل تولۇپ تاشقان ئىخلاسى مۇھەببەت، بىرخىل رەببانىي تۇيغۇغا باشلايدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بارلىق مەككە سۈرىلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىلىرىغا ئوخشاشتۇر. ئادەتتە مەككە سۈرىلىرى ئۇسۇلۇد-دىن، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ بىرلەمچى مەسىلىلىرىنى ئۆزىگە ئاساسىي تېما قىلغان بولۇپ، ئەقىدە پرىنسىپلىرىنى، ئىمان ئاساسلىرىنى، تەۋھىد قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ سۈرە مەزمۇن جەھەتتىن قۇرئان كەرىم، شۇنداقلا ۋەھيى-رىسالەت[1]نىڭ ھەقلىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بار ۋە بىرلىكىنىڭ دەلىل-ئىسپاتلىرى، قىيامەت، شۇنداقلا ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي تېمىغا مەركەزلەشىدۇ ۋە مۇشۇ ئۈچ تېمىنى چۆرىدەپ دەۋر قىلىدۇ. بۇ سۈرە قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنۈپ مەزكۇر ئۈچ تېمىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ ھەم ھەر قايسى باسقۇچلاردا مەلۇم دەرىجىدە مەزكۇر تېمىلارنى تەكرارلاپ ۋە تەكىتلەپ بايان قىلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ سۈرىنىڭ 1-ئايىتىدىن 29-ئايىتىگىچە، ئىككىنچى باسقۇچ 30-ئايىتىدىن68-ئايىتىگىچە، ئۈچىنچى باسقۇچ 69-ئايىتىدىن ئاخىرقى ئايىتىگىچىدۇر.

بۇ سۈرە "**ياسىن، ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك-شۈبھىسىزكى، سەن پەيغەمبەرلەردىندۇرسەن...**" دەپ "يا" بىلەن "سىن" ھەرپىنى ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى بارلىق ھەرپلەرگە ۋەكىل قىلىپ قۇرئان كەرىمنىڭ "يا" بىلەن "سىن"غا ئوخشاش ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان ئەرەب تىلىدا يەنى ئىنسانلار چۈشىنەلەيدىغان قىلىنىپ نازىل قىلىنغانلىقىغا سىمۋول قىلىنغانلىقى، ۋەھيىنىڭ ھەقلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ چىنلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىش بىلەن باشلانغان. سۈرىنىڭ ئاخىرقى بۆلەكلىرىدە يەنە سۈرىنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەھيى ۋە رىسالەتتىن ئىبارەت مەزكۇر تېمىغا قايتىپ: "**ئۇنىڭغا(يەنى پەيغەمبەرگە) بىز شېئىر تەلىم بەرمىدۇق، ئۇنىڭغا شېئىر مۇناسىپمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت تىرىكلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش، كۇففارلارغا ئازابنىڭ تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى(بىلدۈرۈش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان) ۋەز-نەسىھەتتۇر ۋە روشەن قۇرئاندۇر**" دەپ ۋەھيى-رىسالەت مەسىلىسى قايتا تەكىتلەنگەن.

سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋەھيى-رىسالەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەقسىتى — ۋەھدانىييەت[2] ۋە ئىلاھىييەت[3] مەسىلىسى "**مەن نېمىشقا مېنى ياراتقان ۋە سىلەر(ئۆلگەندىن كېيىن) دەرگاھىغا قايتىدىغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلماي؟ مەن ئاللاھتىن غەيرىينى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ[4] ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ**" دېگەن ئايەتلەردە ناھايىتى جانلىق پاساھەت ئۇسلۇبى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سۈرە ئاخىرلىشاي دېگەندە بۇ تېما يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىپ: "**ئۇلار ياردەمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھنى قويۇپ باشقا مەبۇدلارنى ئىلاھ قىلىۋالدى**" دېيىلگەن.

بۇ سۈرە مەركەزلىك ھالدا يورىتىدىغان تېمىلارنىڭ بىرى قىيامەت، يەنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە بىرقانچە ئورۇندا تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن: سۈرىنىڭ بېشىدا "**بىز، شۈبھىسىزكى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمىز، ئۇلارنىڭ(دۇنيادا) قىلغان(ياخشى-يامان) ئەمەللىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاتىرىلەپ قويىمىز...**" دەپ؛ سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا "**سۈر چېلىنغان ھامان ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىقىپ پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈگۈرىدۇ**" دەپ؛ سۈرىنىڭ ئاخىرىدا "**...چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم**

[1]رىسالەت — ۋەزىپە، پەيغەمبەرلىك، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى، دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ — ت.

[2]ۋەھدانىيەت — ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىردىنبىرلىكىگە ئىشىنىشنى ئۆزىگە ئەڭ ئاساسىي يادرو قىلغان ئىماننىڭ بارلىق ئاساسلىرى ۋە كونكرېت تارماقلىرىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت تەۋھىد نەزەرىيەسىنى كۆرسىتىدۇ.

[3]ئىلاھىييەت — ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئىلاھلىققا ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىقلىقى ۋە ئەمەلىيەتتە ئىبادەتنىڭ ئۇنىڭغىلا قىلىنىشىدىن ئىبارەت تەۋھىد ئەمەلىيىتىنى ۋە تەۋھىدنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى كۆرسىتىدۇ — ت.

[4]دەفئى قىلالمايدۇ — توسۇپ قالالمايدۇ، دېگەن مەنىدە — ت.

**تىرىلدۈرەلەيدۇ؟...**» دەپ مەنە جەھەتتىن تەكرارلانغان. بۇ ئارقىلىق قىيامەتنىڭ راستتىنلا قايىم بولىدىغانلىقىدىن، ھەممە ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېساب بېرىدىغانلىقىدىن، بۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىدىن، ئاللاھنىڭ ھېساب ئېلىشتا ھېچكىمگە ئۇۋال قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىشنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق يورۇتۇپ بېرىپ، كىشىلەرگە ئاشۇ كۈن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تەييارلىق كۆرۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى جىددىي رەۋىشتە ئەسكەرتكەن.

بۇ سۈرە ۋەھيى - رىسالەت تېمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، «**ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، ئۇلارغا بەربىر ئوخشاش...**» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئايەتلەر بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغان قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىقتا چېكىگە يەتكەن ئەھۋالىنى بايان قىلغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا «**...پەيغەمبەرلەر(ئۇلارغا): 'بىز ھەقىقەتەن(ئاللاھنىڭ) سىلەرگە(يەنى سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز' دېدى. ئۇلار: 'سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر'**» دەپ پەيغەمبەرلەرنى ئوپئوچۇق ئىنكار قىلغان ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھەقىقەتكە ئىنتىۋاگەرچىلىك قىلغان تەكەببۇرانە قىياپىتىنى ۋە ئۇچىغا چىققان مۇئامىلىسىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. ھەمدە ۋەھيى ۋە رىسالەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئۆز ئۈممىتىنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئەنتاكىيە[①] خەلقىنىڭ قىسسىسىنى كەلتۈرگەن. يەنى «**شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن بىر كىشى(يەنى ھەبىب نەججار) يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: 'ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار. توغرا يولدا بولغان، (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار'**» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئايەتلەر بىلەن دەۋەتچى ھەبىبۇن - نەججارنىڭ ئەقىدە - ئېتىقاد، ئىمان - ئىخلاس ۋە ۋەز - نەسىھەت، ۋەز - دەۋەتتىكى قەتئىي مەيدانىنى شەرھىلىگەن. ئۇ قەۋمىگە يۇقىرىقىدەك مۇناسىۋەتلىك نەسىھەتلەرنى قىلغانىدا ئۇنى قەۋمى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ: «**(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) 'جەننەتكە كىرگىن' دېيىلدى**» دەپ ئۇنى جەننەتكە كىرىشكە ھۆكۈم قىلغانلىقى، ئاندىن «**...پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان ئۇلار قېتىپ قالدى...**» دەپ ئۇنىڭ ئازغۇن، جىنايەتكار قەۋمىگە دەھشەتلىك بىر خىل ئاۋاز بىلەن ئۇلارنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرە يەنە شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن ئۆز قەۋمى بىلەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ رىسالىتى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ياردەمچىسى مۇستەھكەم ئىمانلىق دەۋەتچى - ھەبىبۇن - نەججارنىڭ تىلىدىن: «**مەن ئاللاھتىن باشقىنى ئىلاھ قىلىۋالىدىغان بولسام، ئەگەر مېھرىبان ئاللاھ ماڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ شاپائىتى مەندىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايدۇ ھەمدە مېنى قۇتقۇزالمايدۇ**» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ غەيرىدىن مەدەت تىلەش، ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلەرنى، ئەۋلىيالارنى، مازايى ماشايىخلارنى، ھەر خىل نەرسىلەرنى ۋاستە قىلىشتەك شېرىك ئەقىدىنى ئىنكار قىلىپ، پەقەت ئاللاھتىنلا مەدەت تىلەش، ئاللاھقىلا چوقۇنۇش ۋە ئىبادەت قىلىش، ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق شەخس ياكى نەرسىنى ۋاستە قىلماي، پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىدىنلا ھاجەتلىرىنى بىۋاستە تىلەشتىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىسپاتلىغان.

بۇ سۈرىدە «**...ئۆلۈك(يەنى قۇرغاق) زېمىننى(يامغۇر بىلەن) تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۇلار يەيدىغان ئاشلىقنى ئۆستۈرگەنلىكىمىز ئۇلارغا(ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتتۇر. بىز زېمىندا نۇرغۇنلىغان خورما**

---

① ئەنتاكىيە ــ ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان مۇھىتى گۈزەل بوستانلىق قەدىمىي شەھەر؛ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سەركەردە سەلۇقۇس I بىنا قىلىپ ئاتىسى ــ ئەنتاكى(antiochia)نىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. سۈرىيە ئوسمانىيلار دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن بۇ شەھەر سۈرىيەگە تەۋە بولغان. 1938 ـ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋېتىلگەن. بۇ شەھەردە سۈرە«ياسىن»دا تىلغا ئېلىنغان دەۋەتچى ھەبىبۇن ـ نەججارنىڭ قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ نامىدىكى بىر مەسچىت بار ــ «بىدايە ۋە نىھايە» ۋە «ئاسارۇل ـ بىلاد ۋە ئەفئالۇل ـ ئىباد» دېگەن كىتابلاردىن ئېلىندى ــ ئا.

**باغلىرىنى، ئۈزۈم باغلىرىنى بەرپا قىلدۇق، شۇ زېمىندا بۇلاقلارنى ئېقىتتۇق... كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەير قىلىدۇ،...ئايغا سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق،...بىز ئۇلارنىڭ ئاتا بوۋىلىرىنى(نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەرسە-كېرەك ۋە ھايۋاناتلار بىلەن) توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چۈشۈردۇق... ئىنسان بىلمەمدۇكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇنى ئابىمەنىدىن ياراتتۇق. ئەمدى ئۇ(پەرۋەردىگارىغا) ئاشكارا خۇسۇمەتچى بولۇپ قالدى"** دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار ئىلاھىي، ئىلمىي بايانلار ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ بۇ كەڭ كائىناتتىكى دەلىل ـ ئالامەتلىرىنى يەنى ھاياتلىق داۋاملىشىدىغان ۋە قىزىيدىغان يەر شارىدىكى ئۇنۇمسىز يەرلەرنى مۇنبەت تۇپراقلارغا ئايلاندۇرۇشتىن تارتىپ ئۇنىڭدىكى ھەرخىل زىرائەت ۋە مېۋىلەرنىڭ ئۈندۈرۈلۈپ ئۆستۈرۈلگىچە، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ ئالەمدىكى كۆرۈنۈشىدىن تارتىپ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالماشقان مەزگىلىدىكى ئاجايىپ كۆرۈنۈشگىچە، قوياشنىڭ ئاللاھ بېكىتكەن قانۇنىيەت بىلەن توختاپ قالماي ياكى تەتۈر ئايلانماي پەلەكتە خۇددى بېلىق سۇدا ئۈزگەندەك سەير قىلىشىدىن تارتىپ ئاينىڭ مەنزىل ۋە بۇرجلار ئارا زېمىن ئەھلىگە چوڭىيىپ ھەم كىچىكلەپ كۆرۈنۈش ياساپ سەير قىلىشىغىچە، توپان بالاسىدىن كېيىنكى ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ لىق توشقۇزۇلغان كېمىسىگە چىقىرىۋېلىنىپ ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك توپان بالاسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىشىدىن تارتىپ ئاللاھنىڭ ئۇلار ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە ئوخشاش قاتناش ۋاسىتىلىرىنى داۋاملىق يارىتىپ بېرىدىغانلىقىغىچە، ئىنساننىڭ ئىسپېرما ھالىتىدىن ئۇنىڭ مۇكەممەل ئادەم بولغۇچە بولغان جەريانلىرىغىچە بولغان ئىلاھىي قۇدرەتلەر تەرتىپلىك بايان قىلىنغان. ھەمدە ئىنسانلارغا يۇقىرىدىكىدەك، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىنىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنىڭ جانلىق، پولاتتەك پاكىتلىرى قويۇلسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىن باش تارتقانلىقى ۋە تارتىدىغانلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىلمىي، مەنتىقىلىق يوسۇندا قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بايان قىلىنغان: **"ئۇلارغا: 'رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئالدىڭلاردىكىدىن(يەنى دۇنيا ئازابىدىن) ۋە ئارقاڭلاردىكىدىن(يەنى ئاخىرەت ئازابىدىن) قورقۇڭلار' دېيىلسە، (ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ). پەرۋەردىگارىڭنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئايەتلىرىدىن بىر ئايەت كەلسىلا، ئۇلار بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ..."**.

بۇ سۈرە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەھىي ۋە رىسالەتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان چىن ھەقىقەت ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى، بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا كىرىشكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قارشىلىشىپ ۋەھىي ۋە رىسالەتنى ئىنكار قىلغانلىقى، بۇ خىل ۋەقەگە ئەنتاكىيە خەلقىنىڭ قىسسىسىنى تەتبىقلاپ كىشىلەرنى ۋەھىي ـ رىسالەتنى ئىنكار قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقى، ۋەھىي ـ رىسالەتتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى كىشىلەرنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن نەباتىي(بوتانىكىلىق)، فەلەكىي(ئاسترونومىيەلىك)، خەلقىي(فىزىلوگىيەلىك)، روھىي(پسىخلوگىيەلىك) مۆجىزىلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ئىلمىي يوسۇندا گەۋدىلەندۈرگەن. ھەمدە بۇنى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنىڭ بەرھەقلىكىنى ئەقلىي جەھەتتىن دەلىللەشكە ھۆججەت قىلىپ ئىماننىڭ 6 چوڭ رۈكنى(ئاساسى)نىڭ بىرى بولغان ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشتىن ئىبارەت مەركىزى تېما ناھايىتى يارقىن يورۇتۇلۇپ مۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇلغان: "...**'چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرنى كىم تىرىلدۈرەلەيدۇ؟' ئېيتقىنكى، 'ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە ياراتقان زات تىرىلدۈرىدۇ'...ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر"**. بەرھەقكى، شەيئىنى تۇنجى قېتىم ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىن شۇ شەيئىنى ئىككىنچى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئاسانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ سۈرىدە "يا" بىلەن "سىن"غا ئوخشاش ھەرپلەرنى كەلتۈرۈش ۋە ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىش ئارقىلىق قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت مۇقەددەس كىتابنى ياكى شۇ كىتابنىڭ بىرەر سۈرىسىگە ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈشنىڭ ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە جاكارلاش ۋە شۇ ئارقىلىق قۇرئان كەرىمنىڭ مۇتلەق مۆجىزىلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش،

”ھېكمەتلىك“ دېگەن سۈپەت بىلەن قۇرئاننى سۈپەتلەپ قۇرئاننىڭ كەمكۈتىسىز، نۇقسانىسىز كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش، بۇ ھېكمەتلىك قۇرئاندا يەنى بۇ سۈرىدە يورۇتۇلغان بارلىق تېمىلارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

## سۈرە«ياسىن»نىڭ خاسىيىتى

**1.سۈرە«ياسىن» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىلنىڭ ئورنىدا ئاتا قىلىنغان مەسانى سۈرىلەر جۈملىسىدىن**

ۋاسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى زىكرى قىلىنىدۇ: **”ماڭا تەۋراتنىڭ ئورنىدا يەتتە ئۇزۇن سۈرە، زەبۇرنىڭ ئورنىدا 200ئايەتلىك سۈرىلەر، ئىنجىلنىڭ ئورنىدا مەسانى سۈرىلەر**[1] **بېرىلدى. مەن مۇپەسسەل(قىسقا) سۈرىلەر بىلەن(باشقا پەيغەمبەرلەردىن) ئارتۇق قىلىندىم“**(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا قارىغاندا، سۈرە«ياسىن» مەسانى سۈرىلەرگە تەۋە. چۈنكى، مەسانى سۈرىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇنداق سۈرىلەردە قىسسە ـ تەمسىللەر بايان قىلىنغان بولىدۇ ياكى ئايىتى 100گە يەتمىگەن بولىدۇ. دەرھەقىقەت سۈرە«ياسىن» 80 ئايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ رىسالەتنى ئىنكار قىلغان ئەھۋالىنى ئەنتاكىيە خەلقىنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ خالىس ياردەمچىسى ـــ دەۋەتچى ھەبىبۇن ـ نەججارنى ئىنكار قىلغان ئەھۋالىغا تەمسىل قىلىنغان.

**2.كىمكى كېچىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ «سۈرە«ياسىن»نى ئوقۇسا، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ**

جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: **”كىمكى سۈرە«ياسىن»نى كېچىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئوقۇسا، ئۇنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ“**(ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا قارىغاندا، سۈرە«ياسىن»نى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن رىيادىن خالىي ھالدا ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىپ ئوقۇغان ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىدا شەك يوق.

چۈنكى، سۈرە«ياسىن»نى ئوقۇغان ئادەم ئالدى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ھېكمەتلىك كىتاب ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئىنكار قىلىشنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكىنى، رىسالەتنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئەنتاكىيە ئاھالىسىدەك يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ رىسالەتنىڭ ھەقلىكىگە، يەنى تەۋھىدنى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى تونۇشقا ئالەمدىكى بارلىق ئالامەتلەرنى دەلىل قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى مۆجىزە ـ ئالامەتلىرىنى ئۇنتۇپ رىسالەتنى ئىنكار قىلغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا مەلۇم مۇددەتكىچە مۆھلەت بەرگەنلىكىنى، قىيامەت قايىم بولغاندا، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شۇنداقلا ھېچكىمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن دۇنياغا قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى تونۇپ يېتىپ رىسالەتنىڭ روھى بويىچە ئەمەل قىلىشقا يۈزلىنىدۇ. ئەلۋەتتە ئىسلامنىڭ روھى بويىچە ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلار جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. جەننەتكە كىرگەنلەر ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشكەنلەردۇر.

**3.سۈرە«ياسىن»نى ئوقۇش ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرىدۇ**

ئەتا ئىبنى ئەبى رىباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: **”ماڭا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىك(خەۋەر)ى كەلدى: ’كىمكى سۈرە«ياسىن»نى كۈندۈزنىڭ ئاۋۋالىدا ئوقۇسا ئۇ كىشىنىڭ ھاجەتلىرى راۋا قىلىنىدۇ‘ “**(دارىمي رىۋايەت قىلغان). ئابدۇللا ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەر[2]دە ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ئۆزى مۇنداق دېگەن: **”كىمكى سۈرە«ياسىن»نى تاڭ ئاتقاندا ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە كەچكىچە شۇ كۈنىنىڭ ئاسانلىقى ئاتا قىلىنىدۇ؛ كىمكى ئۇنى كېچىنىڭ ئاۋۋالىدا ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە تاڭ ئاتقىچە شۇ كېچىنىڭ ئاسانلىقى ئاتا قىلىنىدۇ“**(دارىمي رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىقى ئىككى ھەدىس ـ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، سۈرە«ياسىن»نى ئوقۇپ تۇرۇش

---

[1] مەسانى سۈرىلەر ـــ قىسسە ۋە تەمسىللەر زىكرى قىلىنىدىغان ياكى ئايىتى 100گە يېقىن سۈرىلەرنى كۆرسىتىدۇ ـ ئا.

[2] ئەسەر ـــ ساھابە ياكى تابىئىن(ساھابە بىلەن مۇسۇلمان ھالەتتە ئۇچراشقان كىشى)لارنىڭ سۆزلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ ـ ئا.

كىشىگە ئاسانلىق بېغىشلايدۇ. چۈنكى، سۈرە «ياسىن»نى ئىخلاس بىلەن ئوقۇغان ئادەم ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بولغان رىسالەت، يەنى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھىيگە ئىشىنىدۇ ۋە ئەمەل قىلىدۇ. ۋەھىيگە بولغان ئىمان ـ ئىشەنچ ۋە ئىخلاس ـ ئەمەل كىشىنى ئاسانلىققا باشلايدۇ. ئاسانلىق ئىسلامنىڭ خاراكتېرى، ئىسلام جەننەتنىڭ يولى. بۇ سۈرىنى ئوقۇش — كىشىنىڭ مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ئىشلىرى بولسۇن — بارلىق ئىشلىرىغا ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق ئىمانى ھالەتكە كەلگەن كىشىگە قىيىنچىلىق دۇچ كەلسىمۇ ئاسان تۇيۇلىدۇ. ئىشەنچىسى ئاجىز كىشىگە ئاسان ئىشمۇ تەس تۇيۇلىدۇ. (داۋامى بار)

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)


# ۋاڭ زوئەن باشچىلىقىدىكى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2012 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ زوئەن، مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن جياڭ جيەنيۇڭ، جاڭ لېبىن باشچىلىقىدىكى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، مەھكىمىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ھال سوراش ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى. ھال سوراش پائالىيىتىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن يۇقىرى خادىملار قاتناشتى، ۋاڭ زوئەن مۇھىم سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن بەدرىددىن گو چېڭجېن، ئىبراھىم خوڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىلجان ھاجى كېرىم قاتارلىق رەھبەرلەر مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ۋاڭ زوئەن ئالدى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن ۋە بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن سەممىمىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2011 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى يىلدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى داۋاملىق ھالدا چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، تىنچلىقنى قوغدىشى؛ شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشى؛ سىرت بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشى؛ ھەجنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، ھەجگە تەشكىللەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇلازىمەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى؛ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى تۇتۇپ ئىشلىشى لازىم. ۋاڭ زوئەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى يىلدا تېخىمۇ چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ 18 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى ئورتاق كۈتۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلدى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ جەمئىيىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ چاغانلىق ھال سورىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپى دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكى ئاستىدا، يېڭى يىلدا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھال سوراش پائالىيىتىگە يەنە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى چېن خوڭشىڭ، 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ما جىن، كادىرلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يۇ بىڭ، ئورگان پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ شۇاڭ، ئىشخانا مۇئاۋىن مۇدىرى خۇاڭ جىخۇي قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. (ھاجى بارات رەجەپ)



# قۇرئان كەرىمدىكى دۇئالاردىن ئاللانما

## خەيرلىك دۇئالار

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **''ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن(دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن(تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ''** {سۈرە«غاپىر»(40 ـ سۈرە)، 60 ـ ئايەت} دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **''دۇئا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر ئىبادەتتۇر''** دېگەن(ئەبۇ داۋۇت، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىستىن ئاللاھ تائالانىڭ دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە دۇئانىڭ مۇھىم ئىبادەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەر ۋە سالىھ كىشىلەرنىڭ تىلىدىن ئەڭ گۈزەل دۇئا ئۈرنەكلىرى بايان قىلىنغان. ئۆز دەۋرىدە ئۇلارنىڭ بۇ دۇئالىرى ئىجابەت بولغان. بىز مۇسۇلمانلارمۇ پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا يالۋۇرغان دۇئا ـ تىلەكلىرى بىلەن ئاللاھقا يالۋۇرساق دۇئالىرىمىز ئىجابەت بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. تۆۋەندە قۇرئان كەرىمدىكى ئەنە شۇ دۇئالارنى نەقىل قىلىپ ئۆتىمىز.

### ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِنْ لَمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنْ الْخَاسِرِينَ **''بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز''**{سۈرە «ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 23 ـ ئايەت}.

### نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

رَبِّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْأَلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلاَّ تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِي أَكُنْ مِنْ الْخَاسِرِينَ **''پەرۋەردىگارىم! مەن بىلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن''**{سۈرە«ھۇد»(11 ـ سۈرە)، 47 ـ ئايەت}.

رَبِّ انصُرْنِي بِمَا كَذَّبُونِ **''پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى**

يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ماڭا ياردەم بەرگىن''{سۈرە«مۇئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 26 ـ ئايەت}.

رَبِّ أَنزِلْنِي مُنزَلاً مُّبَارَكاً وَأَنتَ خَيْرُ الْمُنزِلِينَ ''ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن(دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن''{سۈرە«مۇئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت}.

## هۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ انصُرْنِي بِمَا كَذَّبُونِ ''پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى يالغانغا چىقارغانلىقلىرى ئۈچۈن ماڭا ياردەم بەرگىن''{سۈرە«مۇئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 39 ـ ئايەت}.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

رَبِّ اجْعَلْ هَذَا بَلَداً آمِناً وَارْزُقْ أَهْلَهُ مِنَ الثَّمَرَاتِ مَنْ آمَنَ مِنْهُم بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ. ''پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى(يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن''{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 126ئايەت}.

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ. رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ. رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنتَ العَزِيزُ الحَكِيمُ ''پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ(خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن(دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى(يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى(يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى(مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن''{سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 127 ـ 129 ـ ئايەتلەر}.

رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلاَةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاء. رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ ''پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە(يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا-ئانامغا ۋە مۇئمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن''{سۈرە«ئىبراھىم»(14 ـ سۈرە)، 40 ـ 41 ـ ئايەتلەر}.

رَبِّ هَبْ لِي حُكْماً وَأَلْحِقْنِي بِالصَّالِحِينَ. وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الْآخِرِينَ. وَاجْعَلْنِي مِن وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيمِ. ''پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئىلىم-ھېكمەت ئاتا قىلغىن، مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇنېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن''{سۈرە«شۇئەرا»(26 ـ سۈرە)، 83 ـ 85 ـ ئايەتلەر}.

رَبِّ هَبْ لِي مِنَ الصَّالِحِينَ ''پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن''{سۈرە«سافقات»(37 ـ سۈرە)، 100 ـ ئايەت}.

رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ. ''پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر''{سۈرە «مۇمتەھىنە»(60 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت}.

## شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

وَسِعَ رَبُّنَا كُلَّ شَيْءٍ عِلْماً عَلَى اللّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا افْتَحْ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمِنَا بِالْحَقِّ وَأَنتَ خَيْرُ الْفَاتِحِينَ ''پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئىلمى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق. پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىلەن قەۋمىمىز ئارىسىدا ھەق ھۆكۈم چىقارغىن، سەن ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇرسەن''{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 89 ـ ئايەت}.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

رَبِّ اغْفِرْ لِي وَلأَخِي وَأَدْخِلْنَا فِي رَحْمَتِكَ وَأَنتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ ''پەرۋەردىگارىم! ماڭا ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمغا مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن''{سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 151 ـ ئايەت}.

رَبِّ اشْرَحْ لِي صَدْرِي. وَيَسِّرْ لِي أَمْرِي. وَاحْلُلْ عُقْدَةً مِّن لِّسَانِي. يَفْقَهُوا قَوْلِي ''پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن. مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىن

كېيىكە چىلىكىنى كۆتۈرۈۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن»{سۈرە «تاها»(20 ـ سۈرە)، 25 ـ 28 ـ ئايەتلەر}.

رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي. رَبِّ بِمَا أَنْعَمْتَ عَلَيَّ فَلَنْ أَكُونَ ظَهِيراً لِلْمُجْرِمِينَ «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن. پەرۋەردىگارىم! (ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىق) نېمىتىڭ سەۋەبى بىلەن مەن ھەرگىز گۇناھكارلارغا ياردەمچى بولمايمەن»{سۈرە «قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 16 ـ، 17 ـ ئايەتلەر}.

رَبِّ إِنِّي لِمَا أَنزَلْتَ إِلَيَّ مِنْ خَيْرٍ فَقِيرٌ «پەرۋەردىگارىم! ماڭا رىزىقتىن نېمىنىلا بەرسەڭ، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا موھتاج»{سۈرە «قەسەس»(28 ـ سۈرە)، 24 ـ ئايەت}.

### سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي عِبَادِكَ الصَّالِحِينَ «پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن»{سۈرە «نەمل»(27 ـ سۈرە)، 19 ـ ئايەت}.

### ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ «ھەقىقەتەن مېنى بالا(يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن»{سۈرە «ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 83 ـ ئايەت}.

### يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

لا إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، سەن(جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن(ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»{سۈرە «ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 87 ـ ئايەت}.

### زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

رَبِّ هَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ ذُرِّيَّةً طَيِّبَةً إِنَّكَ سَمِيعُ الدُّعَاءِ «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشتكۈچىسەن»{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 38 ـ ئايەت}.

رَبِّ لا تَذَرْنِي فَرْداً وَأَنْتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى(بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن(يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)»{سۈرە «ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 89 ـ ئايەت}.

### مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ «پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق(نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن»{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 26 ـ ئايەت}.

رَبِّ زِدْنِي عِلْماً «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن!»{سۈرە «تاھا»(20 ـ سۈرە)، 114 ـ ئايەت}.

رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ. وَأَعُوذُ بِكَ رَبِّ أَنْ يَحْضُرُونِ «پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ شەيتانلارنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن»{سۈرە «مۆئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 97 ـ، 98 ـ ئايەتلەر}.

رَبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ «پەرۋەردىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن»{سۈرە «مۆئمىنۇن»(23 ـ سۈرە)، 118 ـ ئايەت}.

### پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَحْمَةً وَعِلْماً فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ. رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدْتَهُم وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ إِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ. وَقِهِمْ السَّيِّئَاتِ وَمَنْ تَقِ السَّيِّئَاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى

دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر"{سۈرە «غافىر»(40 ـ سۈرە)، 7—9 ـ ئايەتلەر}.

## ئەسھابۇلكەھف دۇئاسى

رَبَّنَا آتِنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً وَهَيِّئْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَداً

"پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن"{سۈرە «كەھف»(18 ـ سۈرە)، 10 ـ ئايەت}.

## مۇئمىن كىشىلەرنىڭ دۇئالىرى

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

"پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن"{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 201 ـ ئايەت}.

سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ. رَبَّنَا لا تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلا تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْراً كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلا تُحَمِّلْنَا مَا لا طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا

"بىز(دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر يانىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن"{سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 285 ـ، 286 ـ ئايەتلەر}.

رَبَّنَا لا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنْتَ الْوَهَّابُ. رَبَّنَا إِنَّكَ جَامِعُ النَّاسِ لِيَوْمٍ لا رَيْبَ فِيهِ إِنَّ اللَّهَ لا يُخْلِفُ الْمِيعَادَ

"پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن، دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! شۈبھىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغان كۈندە(يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈنىدە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ"{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 8 ـ، 9 ـ ئايەتلەر}.

رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

"پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن"{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 16 ـ ئايەت}.

رَبَّنَا آمَنَّا بِمَا أَنْزَلْتَ وَاتَّبَعْنَا الرَّسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِينَ

"پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى(ھىدايىتىڭگە) شاھىت بولغانلار قاتارىدا قىلغىن"{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 53 ـ ئايەت}.

رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا "پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن"{سۈرە «ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 147 ـ ئايەت}.

رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذَا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ. رَبَّنَا إِنَّكَ مَنْ تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنْصَارٍ. رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِياً يُنَادِي لِلإِيمَانِ أَنْ آمِنُوا بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الأَبْرَارِ. رَبَّنَا وَآتِنَا مَا وَعَدْتَنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلا تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لا تُخْلِفُ الْمِيعَادَ "پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن.

پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن" {سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 191 — 194 ـ ئايەتلەر}.

رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنْتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ "پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن" {سۈرە «مۇئمىنۇن» (23 ـ سۈرە)، 109 ـ ئايەت}.

رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَاماً "ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن" {سۈرە «فۇرقان» (25 ـ سۈرە)، 74 ـ ئايەت}.

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ "پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا-ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن" {سۈرە «ئەھقاف» (46 ـ سۈرە)، 15 ـ ئايەت}.

رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلّاً لِلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن" {سۈرە «ھەشر» (59 ـ سۈرە)، 10 ـ ئايەت}.

رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ "ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن" {سۈرە «تەھرىم» (66 ـ سۈرە)، 8 ـ ئايەت}.

## باشقا دۇئالار

اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ. صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ "بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)" {سۈرە «فاتىھە» (1 ـ سۈرە)، 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر}.

رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْراً وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ "پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن" {سۈرە «ئەئراف» (7 ـ سۈرە)، 126 ـ ئايەت}.

رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيراً "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن" {سۈرە «ئىسرا» (17 ـ سۈرە)، 24 ـ ئايەت}.

رَبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَلْ لِي مِنْ لَدُنْكَ سُلْطَاناً نَصِيراً "پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوڭۇشلۇق كىرگۈزگىن، (قەبرەمدىن) ئوڭۇشلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن" {سۈرە «ئىسرا» (17 ـ سۈرە)، 80 ـ ئايەت}.

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ. وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ. "مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (ئاللاھ) غا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن" {سۈرە «فەلەق» (113 ـ سۈرە)، 1 — 5 ـ ئايەتلەر}.

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَهِ النَّاسِ. مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ "ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ) قا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن" {سۈرە «ناس» (114 ـ سۈرە)، 1 — 6 ـ ئايەتلەر}.

(رەتلىگۈچى: ئابدۇقاھار ئابدۇۋارىس، خوتەن شەھىرىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)



# تەكەببۇرلۇق يامان ئىللەت، ئاقىۋىتى ھەسرەت-نادامەت

يۇسۇپقادىر پەتتار

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**ئاللاھ تەكەببۇرلۇق قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.**

ــ سۈرە«نەھل»(16 ـ سۈرە)، 23 ـ ئايەت

تەكەببۇرلۇق ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بىر مەرەز، تەكەببۇرلۇق كىشلەرنى بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئۆزئارا سۆيۈملۈك مېھرىبان كىشىلەردىن بولۇشقا قاتتىق توسالغۇ بولىدىغان، دوستلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ ـ ساداقەتنى، مېھىر ـ مۇھەببەتنى سۇسلاشتۇرۇپ دوستلۇقنى بۇزىدىغان ئىنتايىن رەزىل ئىشتۇر. شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ غەزىپىگە باشلايدىغان، دوستلۇقىدىن ئايرىپ دوزاخقا تاشلايدىغان شەيتانىي قىلمىشتۇر. كىمكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كىشلەرنى كۆزىگە ئىلماي ئۇلۇغلۇق تالىشىپ ھەقىقەتكە پەرۋا قىلماي، ئاللاھ تائالا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلماي تەكەببۇرلۇق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچراپ، جەھەننەمگە لايىق مەخلۇققا ئايلىنىپ، تەكەببۇرلۇق قىلغىنىغا ھەسرەت ـ نادامەت چېكىپ خارلانغان ۋە زارلانغان ھالدا دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىدا شۇنداق دەيدۇ: "ئۇلۇغلۇق مېنىڭ ئىشىم، چوڭچىلىق مېنىڭ تونۇم. كىمكى مەندىن ئۇ ئىككىسىنى تالىشىدىكەن، مەن ئۇنى دوزاخقا تاشلايمەن"( مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

جەمئىيەتتە شۇنداق بىر قىسىم كىشلەر باركى، مۆئمىنلىكنىڭ بىر سۈپىتى بولغان كەمتەرلىكنى ئۇنتۇپ، تەكەببۇرلۇققا ئادەتلىنىپ قالماقتا. ئۇلار تەكەببۇرلۇقنىڭ ئىبلىسنىڭ قىلىقى ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ تەكەببۇرلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ھەم زىيىنىنى ئويلاپ باقمامدىغاندۇ؟ كىبىر ماھىيەتتە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىپ، ئۇنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. يەنى ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىدىن، كىشلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيان، چىدىغۇسىز ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا مۆئمىنلەر مەغرۇرلۇق بىلەن كىشلەرنى

ۋەز ـ تەبلىغ

كەمسىتىشتىن، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەققە قارشى تۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ''**سەن زېمىندا مەغرۇرانە يۈرمىگىن، (ھاكاۋۇرلۇقتىن ئايىغىڭ بىلەن) يەرنى تېشىۋېتەلمەيسەن، (ھەر قانچە گىدەيگىنىڭ بىلەن) ئېگىزلىكتە تاغلارغا تەڭلىشەلمەيسەن. يۇقىرىقى(ئىش)لارنىڭ ھەممىسى قەبىھ بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياماندۇر**''{سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 ـ سۈرە)، 37 ـ، 38 ـ ئايەت}؛ ''**كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇرا ھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن. ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر**''{سۈرە«لوقمان»(31 ـ سۈرە)، 18 ـ، 19 ـ ئايەتلەر}.

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كۆزگە ئىلماي تەكەببۇرلۇق قىلىشى، ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ سالاپەتنى كۆز ـ كۆز قىلىپ پېقىر ـ مىسكىنلەرنى كەمسىتىشى، ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، سۆھبەت سورۇنىنى بېشىغا كىيىپ كىشىلەرنى بىزار قىلىشى ئاللاھ تائالا ياقتۇرمايدىغان يامان ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىدىن ئاللاھ تائالانىڭ رازى بولۇشىنى، رەسۇلۇللاھنىڭ خۇشال بولۇشىنى كۆزلىسە، ئۆزىنى مۆئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى كۆرۈپ ھۆرمەتلىشىنى خالايدىغان بولسا كەمتەرلىك بىلەن ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۇرۇپ، تەكەببۇرلۇقتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى قوغداپ شان ـ شۆھرىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمتەرلىكنىڭ پايدىسى ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ زىيىنىنى بايان قىلىپ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىپ مۇنداق دېگەن: ''**سىلەرگە ئەھلى جەننەتتىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ كەمتەر نامسىز ئادەمنىڭ ھەر قاندىقى ئەھلى جەننەت بولىدۇ. بۇنداق ئادەم دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ. سىلەرگە دوزاخ ئەھلىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۆزى قوپال، ئاسىي، تەكەببۇر ئادەمنىڭ ھەر قاندىقى ئەھلى دوزاخ بولىدۇ**''(بۇخارى رىۋايەت قىلغان).''رەسۇلۇللاھ '**كىمكى ئۇنىڭ قەلبىدە زەررە چاغلىق كىبىر بولىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ**' دېگەندە، بىر ئادەم 'ئى رەسۇلۇللاھ، كىشى چىرايلىق كىيىم كىيىشنى، چىرايلىق كەش كىيىشنى ياقتۇرىدۇ' دېگەندە، رەسۇلۇللاھ '**ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ. كىبىر دېگەن ھەقنى كۆزگە ئىلماسلىق، كىشىلەرنى كەمسىتىشتۇر**' دېگەن'' (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

13 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر شائىر، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى تەكەببۇرلۇقنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن:

تەكەببۇرلۇق ھەممە تىلدا ئەيىبلىنىدىغان قىلىق،
قىلىقلارنىڭ ياخشىسى كىچىك پېئىللىق.
كىمكى ئۆزىنى ئۇلۇغ ساناپ مەن ـ مەنچىلىك قىلىدىكەن.
ئۇنى خالايىقمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاللاھمۇ ھەم.
(«ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تىن)

13 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر سەئىدى شىرازى ئۆزىنىڭ «بوستان» ناملىق كىتابىغا مۇنداق مىسرالارنى تىزغان:

ئەگەر ئىززەت تاپاي دېسەڭ دۇنيادا،
ئۆزگىلەرگە يامان كۆزدە باقمىغىن
كىبىر بىلەن كامال تاپقان ئادەم يوق،
توغرا ئويلا، بۇنى ئەستە ساقلىغىن.
ئەل ئىچىدە لازىم ئەمەس بۆلەك نام،
كۇپايىدۇر ياخشى دېگەن بۇ ئېتى،
تەڭتۇشلىرىڭ ساڭا كىبىر كۆرسەتسە،
نەزەرىڭدىن چۈشۈپ كېتەر قىممىتى.
(«بوستان»تىن)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ''**سىلەر تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن ئىبلىس(ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ) ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلماسلىق بىلەن كىبىرنى كۆتۈرگەن(يەنى تەكەببۇرلۇقنىڭ پېشۋاسىغا ئايلانغان)**'' (ئىبنى ئەساكىر رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىس بىز مۆئمىنلەرگە ھەرگىز تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، شەيتاننى دورىماسلىق ھەققىدە ئېنىق نىشان كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىلىم ـ بىلىمدە، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە كامالەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئۆزىدىكى كىبىر خاھىشىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشى لازىم. قەلبىدە

تەكەببۇرلۇق يىلتىز تارتقان كىشى ئاللاھ تائالادىن قورقمايدىغان، مۇسۇلمانلاردىن شەرم - ھايا قىلمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇكى، ئۇنى ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىدىغان، كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغان كەمتەر مۆئمىن ھالەتكە قايتۇرۇش ئىنتايىن تەسكە چۈشىدۇ.

13 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم، ئىسلام تارىخچىسى ئىمام شەمسىددىن زەھەبى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «كىتابۇلكەبائىر»دا كىبىر قىلىشنىڭ يامانلىقىنى مۇنداق شەرھلەيدۇ: ”كىمكى ھەقىقەتكە قارشى تۇرۇپ(ھەق سۆزگە بويسۇنماي) تەكەببۇرلۇق قىلسا خۇددى ئىبلىسنىڭ ئىشىدەك ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەزىلىتى بىلەن مەغرۇرلىنىپ تەكەببۇرلۇق قىلسا جەزمەن ئۇنىڭ ئىلمى ئۇنىڭغا پايدا قىلمايدۇ. كىمكى ئىلىم - ھېكمەتنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن تىلىسە ئىلىم ئۇنى ئىنتايىن كەمتەر، چىن قەلبى بىلەن ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان(ئاللاھ تائالانى ئەسلەش بىلەن) نەپسى ئارام ئالىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ داۋاملىق ئۆز نەپسىنى كۆزىتىپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ كىبىردىن يىراقلىشىدۇ. ئەگەر ئۇ غەپلەتكە چۈمۈپ تەرسالىق بىلەن ئۆزى بىلگەنچە كىبىر قىلسا توغرا يولدىن يىراقلىشىپ ھالاكەتكە يۈزلىنىپ قالىدۇ. كىم ئىلمىنى كىشىلەرگە پەخىرلىنىش، شەرەپ تالىشىش ئۈچۈن تەلەپ قىلسا، ھاماقەتلىك قىلىپ مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، مانا بۇ چوڭ كىبىرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ“(«كىتابۇلكەبائىر»، 77 - ، 78 - بەت)

مەشھۇر كلاسسىك شائىرلاردىن ئەلىشىر نەۋائىي كىبىر ۋە كەمتەرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ”ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتىدىغانلار ئەمەلىيەتتە ھەممىدىن پاسكىنا ۋە رەزىل كىشىلەردۇر. تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۆزىنى كاتتا تۇتقان كىشى شەيتانغا ئوخشاش مەلئۇن بولىدۇ، ...كەمتەرلىك ئۇرۇقىنى تېرىغان كىشى تېرىغان دانغا گۆھەردىن ھوسۇل ئالىدۇ. ئەدەپ ۋە كەمتەرلىك ياخشى ئەخلاق جۈملىسىدىن بولۇپ، كىشىلەردە بۇ خىسلەت مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇھەببەت بىلەن قارىمايدىغان كىشى بولمايدۇ... دۇنياپەرەسلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە تەكەببۇر بايلارنىڭ زەرباپ تون - لىباسلىرى ئەمەلىيەتتە نىجاسەت ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان چىۋىنگە ئوخشايدۇ“ («نەۋائىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى»دىن).

مەشھۇر شائىر، ئالىم سوپى ئاللايار «ساباتۇلئاجىزىن» دېگەن كىتابىغا كىبىر ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

كۆزۈڭدىن ئەيلە، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن تۇر،
ۋە لېكىن بولمىغىن تائەتكە مەغرۇر.
ئەگەرچە بولساڭ ئەھلى ئىلىم زەھھاد،
تەكەببۇرلۇق قىلمىغىن ئەسلىگىنى قىل ياد.
تەكەببۇر ئەيلەمەك شەيتان پېئىلى،
يىغا ۋە زارىدۇر ئادەمنىڭ ھالى.
رىيازەت بىرلە ھەم ئاچساڭ كۆزۈڭنى،
ئازازۇلدەك ئۇلۇغ تۇتما ئۆزۈڭنى.
ئەگەر تۇتساڭ تەرىقى مۇستاپانى،
يامان كويدۇر تەكەببۇرلۇق، كۆيدۇر ئۇنى.
(«ساباتۇلئاجىزىن»، 65 - ، 66 - بەت)

مەشھۇر ئەدىب، موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشىغەرى تەكەببۇرلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: ”تەكەببۇرلانماق ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن، ئادەم سىياقىدىن چىققان كىشىلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلانماقتىن مۇددىئاسى ئۆز نۇقسانلىرىنى يېپىش ئۈچۈندۇر. ئۇلار تەكەببۇرلانغانسېرى ئۆزىنىڭ يامان ۋە قەدىرسىزلىكىنى شۇنچە ئاشكارىلايدۇ“(«ھېكمەتلىك سۆزلەر»دىن).

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز لازىمكى، ئۇلۇغلۇق ئاللاھ تائالاغا خاس، مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئۇنى تالاشمايدۇ، ئۇنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، دىلى قاتتىق، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەر تالىشىدۇ. كىمكى ئاشۇنداق كۆرەڭلەپ تەكەببۇرلۇق قىلىۋەرسە ئىلىم جەھەتتىن چېكىنىپ، بىلىمسىز ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **”يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن“**{سۈرە«ئەئراف» (7 - سۈرە)، 146 - ئايەت}.

ئىش مانا مۇشۇنداق، كىم ھەقىقەتكە كىبىر

قىلىپ، ناھەق رەۋىشتە كىشىلەرنى كۆزىگە ئىلماي يۈرسە، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلمەيدۇ. قايسى تۈردىكى، قايسى ھالەتتىكى تەكەببۇرلۇق بولسۇن، ئۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەلىل بولالايدۇ: ”ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ‹ئى خالايىق، كەمتەر بولۇڭلار، مەن ھەقىقەتەن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، **‹كىمكى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن كەمتەر بولسا ئاللاھ تائالا ئۇنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ. ھەم ئۇ كىشى ئۆزىگە كىچىك، باشقا كىشىلەرگە ئۇلۇغ كۆرۈنىدۇ. كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ (مەرتىۋىسىنى) چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ھەمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كىچىك، ئۆزىگە چوڭ كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئىت ياكى چوشقىدىنمۇ تۆۋەن ۋە خاردۇر›** ”(بەيھەقى رىۋايەت قىلغان).

مانا بۇ تەكەببۇرنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر. ئەگەر تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە ئاخىرەتتە تارتىدىغان جازاسى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە نۇرغۇن دەلىل ـ ئىسپات باردۇر.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ، جەننەت ئەھلى بولغان مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا دۇئاسى مەقبۇل بولىدىغان مۇئمىن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىز لازىم. تەكەببۇرلۇق، قوپاللىقتىن ئىبارەت دوزاخ ئەھلىنىڭ سۈپىتىدىن قەتئىي يىراقلىشىپ، ھەقىقەتكە ئاڭلىق بويسۇنۇپ ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان، رەسۇلۇللاھنى ھۆرمەتلەيدىغان، مۇئمىنلەرنى خۇشال قىلىدىغان كەمتەر، ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ئەھلى ئىلىملەر ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى چاغلايدىغانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەكەببۇرلۇققا بەرگەن تەبىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىمىزنى قاتتىق تەكشۈرۈپ كىبىرگە تەۋە بولىدىغان ئىنتايىن كىچىك ھەرىكەتتىنمۇ ساقلىنىشىمىز لازىم. تۇرمۇشتا ئاسانلا كۆزدە چېلىقىدىغان كىبىر بىخلىرىنى يوقىتىپ، كەمتەرلىكتە كىشىلەرگە ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. بۇ نۇقتىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇشۇ ھەدىسى تولۇق ئىسپاتلايدۇ: ”**ماڭا كەمتەر بولۇشقا ۋەھيى قىلىندى. تاكى بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە پەخىرلەنمىگەي، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە تاجاۋۇز قىلمىغاي**“(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس كالامىدا، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدە كۆرسىتىلگەن كىبىر ھېسابلىنىدىغان بارلىق ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەپ، كەمتەر، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق تەقۋادار مۇئمىنلەردىن بولۇشىمىز لازىم. ئاللاھ ھەممىمىزنى تەكەببۇرلۇقتىن ساقلاپ، مۇئمىنلىك سالاھىيىتى بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتكىلى نېسىپ قىلغاي. ئامىن!

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)





# ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

يۇسۇپجان سەمەت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە فىقھى ساھەسىدە چاقنىغان تۆت يۇلتۇز — ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەرنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپتە تۇغۇلغان، ئەڭ دەسلەپتە ۋاپات بولغان كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە كۆپ تەرەپلىمە ئۇتۇق قازانغان زات؛ ئۇ ئىلىم-مەرىپەتكە تولغان، دۇنيا ھاياتىدا ئۇتۇق قازانغان، تەپەككۇر، پىكىردا چوڭقۇرلىغان شەخس. ئۇ بۈيۈك ئىماملار ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە ئەخلاق ساھىبى. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان تۆھپە-ئارتۇقچىلىقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، جاھانشۇمۇل "ئىمام ئەزەم"(ئۇلۇغ ئىمام) دېگەن نامى كەڭرى تارقالغان. بەزىلەر ئۇنى: "ئىراقنىڭ فىقھى ئۇلىماسى" دېسە، يەنە بەزىلەر: "رەي ئەھلىنىڭ يولباشچىسى" دېگەن؛ ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك ئۇ ھەققىدە: "شۈبھىسىزكى، ئۇ ئىلىملەرنىڭ يىلىكى!" دېگەن بولسا، ئىبنى جۇرەيج: "ئۇ ھەقىقىي بىر فىقھشۇناس!" دېگەن.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەسلى ئىسمى نۇئمان ئىبنى سابىت ئىبنى نۇئمان ئىبنى مەرزىبان بولۇپ، ھىجرىيە 80-يىلى كۇفە شەھرىدە پارس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بەزى تارىخچىلار ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئىسمى زۇتىي، تەيىمۇللا ئىبنى سەئلەبەنىڭ قۇلى ئىدى، دېيىشىدۇ؛ شۇنداق گەپ-سۆزلەر بولسىمۇ، بىر قىسىم نىيىتى خالىس تارىخچىلار ياخشى نىيەت بىلەن ئىمام ئەزەمنى قۇللۇقنىڭ مۇشەققىتىنى ۋە خارلىقنى كۆرمىگەن ھۆر ئادەم نەسلىدىن ئىدى، دەپ يېزىشىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ نەۋرىسى ئىسمائىل بايان قىلىپ،

**مۇسۇلمان ئالىملار**

ئەجدادلىرىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ: ''مەن ئىسمائىل ئىبنى ھەمماد ئىبنى نۇئمان(يەنى ئەبۇ ھەنىفە) ئىبنى سابىت ئىبنى نۇئمان ئىبنى مىرزىبان ھۆر ـ ئەركىن پارس ئوغۇللىرىدىن بولىمەن! ئاللاھ بىزنى قەتئىي قۇللاردىن قىلىپ قويمىغان!'' دېگەن(«باغداد تارىخى»، 13\326).

ئەبۇ ھەنىفە ئىلىمگە بالدۇرلا، كىچىكىدىن كىرمىگەن. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىنى تىجارەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئىلىمگە يۈزلەنگەن ۋاقتىدا بولسا چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ باشقا فىقھى ئىماملىرىغا ئوخشىمايدۇ، مەيلى مالىك، شافىئىي، ئەھمەد بولسۇن، بۇلار كىچىكىدىنلا ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئىلىم بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئىدى. ئەبۇ ھەنىفەنى مۇھەددىس، فەقىھ، ئالىم شەئبىي ئىلىمگە دالالەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ياش نۇئمان ئىبنى سابىتتىن بىر خىل تەبىئىي تالانتنى بايقىغان. ئۇنىڭغا ئىلىمنى ياخشى كۆرسەتكەن ۋە ئۆگىنىش توغرىسىدا نەسىھەتلەرنى قىلغان. بۇ ھەقتە ئىمام ئەزەم ئۆزى شۇنداق دەيدۇ: ''بىر كۈنى شەئبىينىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىدىم، ئۇ ئولتۇرۇپتىكەن، مېنى چاقىردى ۋە: 'نەگە قاتراۋاتىسەن؟' دېدى، مەن: 'بازارغا...' دېدىم، ئۇ: 'مەن بازارغا قاتراشقا ياردەم قىلىپ باقمىدىم، ئۆلىمالارنىڭ يېنىغا قاتراشقا كۆپ كۈچ چىقاردىم' دېدى. مەن: 'مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاز بارغان' دېسەم، ئۇ ماڭا: 'غاپىل بولما! ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ۋە ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشۇڭ قەرز! مەن سەندە بىر ئويغىنىش ۋە تىرىشچانلىقنى بايقاۋاتىمەن' دېدى''. ئىمام ئەزەم يەنە شۇنداق دەيدۇ: ''ئۇنىڭ سۆزى قەلبىمگە ئورناشتى، بازارغا قاتراشنى توختىتىپ، ئىلىم بىلەن شۇغۇللاندىم، ئاللاھ ماڭا ئىلىمنى مەنپەئەتلىك قىلدى''(«ئەقدۇل فەرىيد»، 3\415).

شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھەنىفە ئۆلىمالارنىڭ ھەلقىسىگە قاتناشقان، شەيخلەرنىڭ ھەر خىل ئىلىملەر ساھەسىدىكى مەجلىسلىرىدە بولغان، ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئۆزىگە چۈشلۇق نەسىبە ئالغان. بىر مەزگىل كالام ئىلىمىگىمۇ چۆكۈپ باققان، لېكىن ئۇ مەخسۇس بىر ئىلىمنى، ئۆزىگە، ئاقىۋىتىگە ماس كېلىدىغان بىر بىلىمنى ئۆگىنىشنى خالايتتى. ئۇ دائىم ئۆزىدىن: ''ئىلىملەرنىڭ تۈرى جىق، قايسىسىنى ئېلىش لازىم؟'' دەپ سورايتتى. ئاخىرى زېھنى ئوچۇق، تەبىئىي تالانتلىق ياش ئىمام ئەزەم يىراقنى كۆرۈپ، فىقھى ئىلىمنى تاللىغان. ئىمام ئەزەم قۇرئان، ھەدىس، كالام، لۇغەت، گراماتىكا، شېئىر ۋە فىقھى ئىلىملىرىدىن ئۆزىگە لايىق نەسىبە ئالغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا فىقھى ئىلىمنى تاللاپ بولۇپ، ئۇستازلىرىنى تاللاشقا باشلىغان. تەرجىمھال يازغۇچىلىرىنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە مۇبارەك ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىكنى، ئۇ كۇفەنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا كۆرگەن. شۇنىڭدەك ئۇ ئەتا ئىبنى ئەبى رىباھ، ئەبۇ ئىسھاق سەبىئىي، مۇھارىب ئىبنى دىسار، ھەمماد ئىبنى ئەبۇ سۇلايمان، ھەيسەم ئىبنى ھەبىيب سەۋۋاف، قەيس ئىبنى مۇسلىم، مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەزىد ئىبنى فەقىر، سەمماك ئىبنى ھەرب، ئەلقەمە ئىبنى مەرسەد، ئەتىيە، ئابدۇلئەزىز ئىبنى رەفىيئ، ئابدۇلكەرىم ۋە ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ قۇلى نافىئلارنىڭ تەلىملىرىگىمۇ قۇلاق سالغان(«باغداد تارىخى»، 13\324). مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈننىيلەر بولسۇن، شىئەلەر بولسۇن، شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ساپ ئۆلىمالىرى بولۇپ، ھەممىسى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازلىرى ئىدى. بۇلاردىن ئەبۇ ھەنىفە بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئالىملارمۇ بار ئىدى، مەسىلەن: ئىمام جەئفەر ئەبۇ ھەنىفە بىلەن بىر يىلدا تۇغۇلغان.

ئەبۇ ھەنىفە شۇنچە كۆپ ئۇستاز كۆرگەن بولسىمۇ، ئاخىرى كامالەتلىك بىرىنى تاللىغان، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ''مەن ئىلىم ۋە فىقھىنىڭ كانىدا بولدۇم، ئۇنىڭ ئەھلىنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئۇستا فىقھىشۇناسىنىڭ تەلىمىنى ئالدىم''. ئۇنداقتا بۇ زات كىم؟ ھەربىر مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ ئاساسلىق بىر ئۇستازى بولغان: ئىمام مالىك ئىبنى ھۆرمۇزدىن تەلىم ئالغان؛ ئىمام شافىئىي ئىمام مالىكتىن تەلىم ئالغان؛ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل تاكى ئىمام شافىئىي ئىراقتىن ئايرىلىپ، مىسىرغا كەتكۈچىلىك ئىمام شافىئىيدىن تەلىم ئالغان. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە بولسا، يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ھەمماد ئىبنى ئەبى سۇلايماندىن تەلىم ئالغان. ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭ پېشىنى تۇپتوغرا 18 يىل تۇتقان! ئەبۇ ھەنىفە ھەممادنى ھېچقانداق تاشقى سەۋەب يۈزىسىدىن ئۇستاز

تۇتمىغان، ئەينى ۋاقىتتا كۇفە ئىلىم ئەھلىگە تولغان مەرىپەتلىك شەھەر بولسىمۇ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەممادنى ئۇستاز تۇتۇشىدىكى سەۋەب، ئۇ ئۆز ئىلىملىرىنى تۇنجى ساھابىلەردىن ئالغان ئىدى، ئۇ ساھابىلەر بولسا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن، ئەقىدە دەستۇرىدىن، شەرىئەتنىڭ يىلتىزىدىن ئالغان ئىدى. ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئەمىرۇل مۇئمىنىين ئەبۇ جەئفەر ئەلمەنسۇرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، ئۇ ماڭا شۇنداق دېدى: 'ئەي ئەبۇ ھەنىفە! ئىلىملەرنى كىملەردىن ئالدىڭ؟' مەن دېدىم: 'ھەممادتىن، ئىبراھىمدىن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبلاردىن، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللا ئىبنى ئاببباس،...لاردىن ئالدىم'. ئەبۇ جەئفەر شۇنداق دېدى: 'بولدى، بولدى، دېگەنلىرىڭگە ئىشەندۇق، ئەي ئەبۇ ھەنىفە! ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دۇرۇت - سالاملارنى يوللىغاي!' " ئەلمەنسۇرنىڭ ئىلىملەرنىڭ كانلىرىدىن خەۋىرى بار ئىدى...

ئەبۇ ھەنىفە ھەممادتىن تەلىم ئالغان، ھەمماد تۆۋەندىكىلەردىن تەلىم ئالغان:

بىرىنچى، ئىبراھىم نەخەئىي: ئىبراھىم نەخەئىي تەقۋا تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، ئىراقنىڭ فەقىھى، مۇھەددىسى ئىدى، كەمتەرلىك ۋە تەقۋالىق بىلەن، زاھىتلىق ۋە ئىبادەت بىلەن سۈپەتلەنگەن شەخس ئىدى. ئۇ ھەججاج زامانىدا ۋاپات بولغان، كېچىسى دەپنە قىلىنغان، تاڭ ئاتقاندا، شەئبىي كىشىلەرگە شۇنداق دېگەن:

— سىلەر ئاشۇ ئادەمنى كېچىسى دەپنە قىلدىڭلار؟

— ھەئە.

— ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئالىمنى دەپنە قىلدىڭلار؟

— (ئۇ) ھەسەن بەسرىمىدى؟

— ياق، ئۇ ھەسەندىنمۇ ئالىم، بەسرە، كۇفە، شام، ھىجاز ئەھلىدىنمۇ ئالىم ئىدى! - دەپ جاۋاب بەرگەن شەئبىي.

ئىبراھىم نەخەئىي ھەم ھەدىسشۇناس، ھەم تەپسىرشۇناس، ھەم فىقھىشۇناس ئالىم، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازىنىڭ ئۇستازى، بەزى ئۆلىمالار ئۇ ھەققىدە: "ئۇ ھەنەفىي فىقھىسىنىڭ مەنبەسى" دېگەن؛

ئىككىنچى، ئامىر ئەششەئبىي: ئۇ ئىبراھىم نەخەئىينىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، كۇفە، شۇنداقلا كۇفە ئەتراپىدىكى فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇستازى. ئۇ بەش يۈزدەك ساھابە بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلاردىن تەلىم ئالغان، سۆزلىرىگە قۇلاق سالغان. ئۇنىڭ كۇفە مەسچىتىدە چوڭ ئىلمىي ھەلقىسى بار. ئۇ ئۇستا ئەدىب، ھېكمەتلىك سۆزلەرگە باي ھەكىم، مۇھەددىس، تىلىدىن دۇردانىلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، فىقھى كۆز قاراشلىرىنى قۇرئاندىن، سۈننەتتىن ئالىدۇ، ساھابىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۆمەر فارۇقنىڭ ئەمەللىرىنى ئاساس قىلغان، بۇ ھەقتە ئۇ شۇنداق دېگەن: "كىشىلەر ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئۆمەرنىڭ قانداق قىلغانلىقىغا قارىسۇن! ئۆمەر مەسلىھەت بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى". ئىبنى شىھاب زۇھرى شۇنداق دەيدىغان: "ئۆلىمالار تۆت: مەدىنىدە ئىبنى مۇسەييەب، كۇفەدە شەئبىي، بەسرەدە ھەسەن بەسرى، شامدا مەكھۇل بار"؛

ئۈچىنچى، سەئىد ئىبنى جۇبەير: ئۇ ھىجرىيە 45 - يىلى مەدىنىدە تۇغۇلغان، ھىجرىيە 95 - يىلى 50 يېشىدا ئىراقنىڭ ۋاسىت دېگەن يېرىدە شەھىد قىلىنغان. ئۇنى ھەججاج ئۆلتۈرۈۋەتكەن، گەرچە ھەججاج قەتلى قىلغان مۇسۇلمانلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام ئۇممىتى شۇ دەۋردە سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمنى كۆرمىگەن. ئۇ گەرچە قارا تەنلىك بولسىمۇ، تابىئىنلار ئىچىدە ئەڭ تەقۋا، ئەڭ ئالىم، ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس ئىدى، ھەسەن بەسرى ئۇنىڭ ئۆلۈمگە قاتتىق ئېچىنغان، ھەججاجغا لەنەت ئوقۇغان. ئۇ ھەم ئالىم، ھەم قۇرئانغا ئىخلاس باغلىغان قارىي ئىدى، فىقھىشۇناس ئىدى. رامىزاندا قۇرئاننى بىر كېچە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىدە، يەنە بىر كېچە زەيد ئىبنى سابىتنىڭ قىرائىتىدە، يەنە بىر كېچە باشقا قارىلارنىڭ قىرائىتىدە ئوقۇيتتى. سەئىدنى تابىئىنلار ئارىسىدا ئالاھىدە قىلغىنى — ئۇ دىنىي ساھەدە ئېنسىكلوپېدىك ئالىم. شۇ زاماندا شۇنداق دېيىلگەن: "تابىئىنلاردىن تالاققا ئەڭ ئۇستىسى سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ھەجنى ئەڭ بىلىدىغىنى ئەتا ئىبنى ئەبى رىباھ، ھالال - ھارامغا ئەڭ ماھىرى تاۋۇس، تەپسىرچىسى مۇجاھىد ئىبنى ھىبر، ئەمما بۇ ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغىنى سەئىد ئىبنى جۇبەيردۇر". ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمگە

قاتتىق ئېچىنغان.

ئەلۋەتتە، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كۆپىنچە ئۇستازلىرى كۇفەلىك. ئۇلارنىڭ كۇفەلىك بولۇشى تەبىئىي بولۇپ، كۇفە ئىلىمنىڭ كانى بولغان شەھەر، ھەزرىتى ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفە ھەققىدە گاھىدا "كۇفەلىك ئەھلى ئىسلامنىڭ بېشى" دېسە، گاھىدا "ئۇلار ئىماننىڭ كانى" دېگەن؛ ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇلارنى "ئىماننىڭ كانى"، "ئىسلامنىڭ باش سۆڭىكى" دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ كۇفەلىك بىرىنچى ئۇستازى ھەمماد ئىبنى ئەبى سۇلايمان:

ئەبۇ ھەنىفە كۇفەلىك ھەمماد، مۇھارىب ئىبنى دىسار، سەمماك ئىبنى ھەرب، ئەبدۇلكەرىم ئەبى ئۇمەييە ۋە ئابدۇلئەزىز ئىبنى رەفىيئلارنى ئۇستاز تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ ئۇزۇن مەجلىسىدە ئولتۇرغان، كۆپ ۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئۇستازى ھەمماد ئىبنى ئەبى سۇلايماندۇر. ھەمماد ئاز بولمىغان ئىماملار ۋە فىقھشۇناسلارنىڭ ئۇستازى، ئۇلاردىن ئىمام سۇفيان سەۋرى، شۇئبە ئىبنى ھەججاج بولۇپ، ئۇ فىقھشۇناس، ھەدىسشۇناس، داڭلىق ئەدىب ھەم ئالىم. ئىمام شافىئىي شۇئبە توغرىسىدا شۇنداق دېگەن: "شۇئبە بولمىسا ئىراقتىكى ھەدىسلەر تونۇلمايتتى". ئەسمەئى ئۇ ھەققىدە شۇنداق دېگەن: "شېئىرغا شۇئبەدىنمۇ ئۇستا بىرىنى كۆرمىدۇق"، ئەبۇ نۇئەيم ئىسپاھانى ئۇنى شۇنداق سۈپەتلىگەن: "رىۋايەت ۋە ھەدىس ساھەسىدىكى ئەمىرۇلمۇئمىنىن". سۇفيان سەۋرى ئۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "بۇ دەۋردە ئۇنىڭدەك ئالىم يوق". يەنە ئەئمەش دەپ ئاتىلىدىغان سۇلايمان ئىبنى مېھران ھەممادنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئۇ قۇرئان، ھەدىس، ئىلمۇلفەرائىز-مىراس ئىلىملىرىگە ئالىم ئىدى. مانا بۇ مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى ھەممادنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەمراھلىرى ئىدى. ھەمماد كۇفەدىكى، بەلكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇستاز سانىلاتتى. ئۇنىڭ ھەلقىسىدىن نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققان. بەزى ئۆلىمالار ھەمماد توغرىسىدا شۇنداق دېگەن: "ھەمماد ئۆز زامانىسىدىكى فىقھىگە ئەڭ ئالىم ئۈچ زاتنىڭ بىرى، ئۇلار: زۇھرىي، قەتادە، ھەمماد". ھەمماد ئىبراھىم نەخەئىينىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالدى ئىدى. داۋۇد تائىي ئۇ توغرىسىدا: "ئۇ سېخى ئادەم ئىدى" دېگەن. گەرچە ئەبۇ ھەنىفە ھەممادنى 18 يىل ئۇستاز تۇتقان بولسىمۇ، شۇ جەرياندا باشقا ئالىملارنىڭ يېنىغىمۇ بېرىپ تەلىم ئېلىپ تۇرغان. ئەبۇ ھەنىفە تارىخچىلىرىنىڭ يېزىشىچە 55 قېتىم ھەج تاۋاپ قىلغان، بۇ جەرياندا مەككە، مەدىنەدىكى باشقا ئۇستازلاردىنمۇ تەلىم ئالغان؛

ئىككىنچى، مۇھارىب ئىبنى دىسار: ئەبۇ ھەنىفە ئىلىم جەھەتتە راستچىللىق، ئىشەنچ ۋە ئامانەتتە سۈپەتلەنگەن ۋە سىنالغان كۇفەلىك مۇھارىب ئىبنى دىساردىنمۇ تەلىم ئالغان، ئۇ "ئەبۇ مۇترىف" دەپ لەقەبلىنىدۇ، يەنە "كۇفەلىك قازى ئەبىن نەزىر" دەپمۇ لەقەبلەنگەن. ئۇ ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئىمران ئىبنى ھەتتان، ئەسۋەد ئىبنى يەزىد نەخەئىي قاتارلىق ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئىلىم رىۋايەت قىلغان. مۇھارىب ئىلىمگە توشقان بولۇپلا قالماستىن، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇستا چەۋەنداز بولغان. ئىمام سۇفيان سەۋرى ئۇ توغرىسىدا شۇنداق دەيدۇ: "مۇھارىبدىنمۇ ياخشى زاھىدنى كۆرۈپ باقمىدىم". سەمماك ئىبنى ھەرب مۇھارىب ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ: "جاھىلىيەت دەۋرىدە(تۆۋەندىكى) ئالتە سۈپەتلىك ئادەمنى مۇكەممەل ئادەم دەپ قارايتتى: مېھرىبان، سەۋرچان، سېخىي، باتۇر، ناتىق ۋە كەمتەر؛ بىراق ئىسلامدا پاكلىق قوشۇلمىسا مۇكەممەل بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئادەمدە(يەنى مۇھارىب ئىبنى دىساردا) مۇجەسسەمدۇر". ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا مۇھارىبنىڭ تەسىرى زور. ئۇ كۇفەنىڭ قازىسى ئىدى؛

ئۈچىنچى، سەمماك ئىبنى ھەرب ئىبنى ئەۋس: بۇ زات 80 ساھابە بىلەن ئۇچراشقان. كۆپىدىن تەلىم ئالغان. شۇنىڭدەك كۆپلىگەن تابىئىنلاردىنمۇ تەلىم ئالغان. ئەنەس ئىبنى مالىك، نۇئمان ئىبنى بەشىر، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، ئىبراھىم نەخەئىي، شەئبىي، سەئىد ئىبنى جۇبەير ۋە باشقىلاردىن ئىلىم رىۋايەت قىلغان. سەمماك پاساھەتلىك شېئىر يازىدىغان شائىر، ئۇنىڭ ھەدىس ئىلمىدىمۇ ئورنى چوڭ؛

تۆتىنچى، ئەبدۇلكەرىم ئەبۇ ئۇمەييە: ئەبۇ ھەنىفە بۇ زاتتىنمۇ تەلىم ئالغان، ئۇنىڭدىن ھىجازلىق

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەمۇ تەلىم ئالغان؛

بەشىنچى، ئەتىيە ئىبنى سەئىد: بۇ زاتمۇ ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، زەيد ئىبنى ئەرقەم قاتارلىق ساھابىلەردىن ئىلىم رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇ ھەنىفە يەنە باشقا جايلاردىكى ئالىملاردىنمۇ تەلىم ئالغان. بەزى فىقھى ئالىملىرى كۇفەنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى، ئۇلار ۋاقىتلىق ھەلقە قۇرغاندا، ئەبۇ ھەنىفە قولدىن بەرمەي ئاڭلايتتى. مەسىلەن، ئەنەس ئىبنى مالىك، فەقىھ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير قاتارلىقلار كۇفەگە كەلگەن. شۇنداقلا ئەبۇ ھەنىفە ھەجگە كۆپ بېرىپ تۇرغان، ھىجازدا بىر نەچچە يىل تۇرۇش جەريانىدىمۇ ئۇ يەردىكى ئالىملارنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىغان، ئەبۇ ھەنىفە ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ بېشىدا ياشىغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تابىئىن فىقھىشۇناسلارنىڭ مەجلىسىدە بولۇپ، ئۇلارغا ياخشى قۇلاق سالغۇچى بولغان. ئەنەس ئىبنى مالىك ھەققىدىكى گەپكە كەلسەك، ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ خادىمى، ياخشى ساھابە، رەسۇلۇللاھدىن 2286 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. مەدىنەنى تەرك ئېتىپ، بەسرەدە تۇرغان، بەسرەدە ۋاپات بولغان، كۇفە بىلەن بەسرە ئىسلام مەدەنىيىتى بويىچە گۈللەنگەن مەدەنىيەتلىك شەھەرلەر بولۇپ، ئەنەس ئىبنى مالىك ئۇزۇن ئۆمرىدە كۇفەگە دائىم بېرىپ تۇرغان، كۇفەلىكلەر ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئېنىق بىلەتتى، مەسچىتلەردە ھەلقىسىدە بولاتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى. ئەبۇ ھەنىفەمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇپ، ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلايتتى. بۇنى نەزەرگە ئالغان تەرجىمھال يازغۇچىلىرى، ئەبۇ ھەنىفەنى "تابىئىن" دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇ ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ سۆزىنى بىۋاستە ئاڭلىغان. ھەشام بولسا ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ جىيەنى، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنىڭ(جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن) نەۋرىسى، ئۇمۇ ساھابىلەردىن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس ئىبنى مالىك قاتارلىقلارنى كۆرگەن. ئۇ ھىجازنى تەرك ئېتىپ، ئىراققا سەپەر قىلىپ، باغداتتا تاكى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرنىڭ زامانىسىغىچىلىك ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئەبۇ ھەنىفە تەلىم ئالغان ھىجاز فەقىھلىرىدىن ئەتا ئىبنى ئەبى رىباھ بار. ئۇ فىقھىشۇناس، مۇھەددىس، تابىئىن، ئۇ مەككىدە تۇغۇلۇپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغان. ئۇ مەككىنىڭ مۇفتىسى. ئۇ ئىلىم بىلەن زاھىدلىقنى بىرلەشتۈرگەن زات. ئۇ ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ ئىبنى ئاس، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، مۇئاۋىيە، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئۇقەيل ئىبنى ئەبى تالىب، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەبۇ دەرداڭ، رافىئ ئىبنى خەدىج، ئەبۇ سەئىد خۇدرىي، ئەبۇ ھۇرەيرەلەردىن تەلىم ئالغان. شۇنداقلا مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ئۇممۇ سەلەمە بىلەن ئائىشەلەردىنمۇ تەلىم ئالغان. ئۇ ئىككى يۈزدەك ساھابە بىلەن ئۇچراشقان. ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەنلەر: مۇجاھىد، ئىبنى شىھاب زۇھرىي، ئەييۇب سەختىيانى، ئىمام ئەۋزائىي، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئەئمەش، ئىبنى جۇرەيج، ئەمرۇ ئىبنى دىنار ۋە ئىمام سادىق جەئفەر ئىبنى مۇھەممەد قاتارلىقلار. شۇنداقلا ئەتا زامانىسىدىكى چوڭ ۋەقەلەرگە قاتناشقان، ئۇمەۋىيلەر سۇلالىسىدىكى مۇفتى بولۇشقا قارىماي، ئىبنى زۇبەيرنىڭ قوشۇنىدا جەڭگە قاتنىشىپ قولى كېسىۋېتىلگەن. ئۇنىڭغا ئابدۇللا ئىبنى ئابباس ۋە قەتادە ياخشى باھالارنى بەرگەن، ئەبۇ ھەنىفە ئۇ ھەققىدە: "مەن ئەتادىنمۇ پەزىلەتلىك بىرىگە ئۇچراشمىدىم؛ جابىر جۇئفىدىنمۇ يالغانچى بىرىگە ئۇچراشمىدىم" دېگەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىر كۈنى ئەتانىڭ مەسجىدىلھەرەمدىكى ھەلقىسىگە كېلىدۇ، ئەتا ئۇنىڭدىن سورايدۇ:

— نەدىن كەلدىڭ؟

— كۇفەدىن.

— ئۆز دىنلىرىنى شىئە(دېگەندەك) بۆلۈۋەتكەن شەھەر ئەھلىدىنمۇ؟

— ھەئە.

— سەن قايسى تەرەپتە؟

— سەلەپلەرنى تىللىمايدىغان، تەقدىرگە ئىشىنىدىغان، بىراۋنى بىر گۇناھ بىلەن كۇففارغا چىقارمايدىغان تەرەپتە.

ھاياجانلانغان ئەتا شۇنداق دەيدۇ:

— بىلگىنىڭنى لازىم تۇت!

ئەتا 70 قېتىم ھەج قىلغان. مەسچىت ئۇنىڭغا 20 يىلدەك "ياتاق" بولغان، ئۇ نامازغا بەك ئىخلاس قىلاتتى. ئۇ مېيىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قارىغۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئىلىم ۋە تەقۋالىق بۇ

ئەيىبلەرنى يېپىپ كەتكەن.

ئەبۇ ھەنىفە تەلىم ئالغان مەدىنە چوڭلىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى نافىئ بار. ئابدۇللا ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا بەزى جەڭلەرگە بىللە ئېلىپ بارغان. ئۇنى ئىززەتلەپ، ياخشى تەربىيەلىگەن. كىشىلەر ئارىسىدا نافىئ "ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئازادگەردىسى" دەپ ئاتالغان. ئۇ ھەم "فىقھشۇناس نافىئ" دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ تۆۋەندىكى ساھابىلەردىن تەلىم ئالغان: ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد خۇدرىي، رافىئ ئىبنى خەدىيج، ئائىشە، ئۇممۇ سەلەمە قاتارلىقلار. ئۇ يەنە ئۆز خوجايىنى ئابدۇللانىڭ تۆت ئوغلى — ئابدۇللا، ئۇبەيدۇللا، سالىم ۋە زەيدلەردىنمۇ تەلىم ئالغان. ئۇنىڭدىن ئەۋلادلىرى ئەبۇ ئۆمەر، ئۆمەر، ئابدۇللا قاتارلىقلار ۋە تابىئىنلەردىن يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي، مۇھەممەد ئىبنى شىھاب زۇھرىي، مەيمۇن ئىبنى مىھران، ئىبنى جۇرەيج، مالىك... قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىملار ئىلىم رىۋايەت قىلغان. ئۇ ئۇچۇق پىكىر، راستچىل، ئىلىمگە تەشنا بولۇپ، مەشھۇر خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۇنى مىسىرغا ھەدىس ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن.

ئەبۇ ھەنىفە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيۈملۈك ئائىلىسىدىكىلەرنى بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ ھەنىفە ئۇلاردىن بولغان مۇھەممەد باقىر ۋە قېرىندىشى زەيد بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلار زەينۇل ئابىدىن ئەلى ئىبنى ھۇسەيىننىڭ ئىككى ئوغلى. ئۇ ئىككىسى ئەبۇ ھەنىفەدىن چوڭراق، ئەبۇ ھەنىفە ئۇلاردىن، بولۇپمۇ زەيدتىن كۆپ ئىلىم ئالغان. مۇھەممەد باقىر ئەبۇ ھەنىفە تەلىم ئالغان رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىدىن بولغان تۇنجى شەخس. ئۇ ئالىم، ئېسىل سۈپەت، رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ئىگىسى، كەڭ قورساق، كەمتەر كىشى ئىدى. ئۇ ئىلىمدە تەشنالىقى ئۈچۈن "باقىر" دەپ لەقەبلىنەتتى. ئۇ ئانا تەرەپ ۋە دادا تەرەپتىن رەسۇلۇللاھ ئائىلىسىدىن ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ دادىسى ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن(شەھىد قىلىنغان) ئىبنى زەھرا فاتىمە(رەزىيەللاھۇ ئەنھا) بىنتى رەسۇلۇللاھ، ئانىسى ئۇممۇ ئابدۇللا بىنتى ھەسەن ئىبنى ھەسەن ئىبنى زەھرا فاتىمە(رەزىيەللاھۇ ئەنھا) بىنتى رەسۇلۇللاھتۇر؛ بوۋىلىرى دادا تەرەپتىن ھۇسەيىن، ئانا تەرەپتىن ھەسەندۇر. ئۇ بوۋىلىرىدىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتىن، ئابدۇللا ئىبنى ئابباستىن، ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇدىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، ئەبۇ سەئىد خۇدرىي ۋە ئەنەس ئىبنى مالىكلاردىن ئىلىم رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن بولسا كۆپ ئالىملار ئىلىم رىۋايەت قىلغان، مەسىلەن، ئوغلى ئىمام جەئفەر سادىق، مۇھەممەد ئىبنى شىھاب زۇھرىي، ئەمرۇ ئىبنى دىنار، ئەئمەش، ئەۋزائىي، ئىبنى جۇرەيج قاتارلىقلار. ئۇ تۆت ئىزباسار خەلىپىلەر توغرىسىدىمۇ ھۆرمەتلىگىنىدىن باشقا گەپلەرنى قىلمايتتى. بۇ ھەقتە ئۆسەك سۆزلەرنى ئاڭلىسىمۇ دەل ۋاقتىدا رەددىيە بېرەتتى. بىر قېتىم بەزى ئىراق ئەھلى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ھەزرەتلىرى توغرىسىدا بەزى يامان گەپلەرنى قىلغان، مۇھەممەد باقىر ئاچچىقلاپ شۇنداق دېگەن:

— سىلەر ماللىرىڭلارنى، يۇرتۇڭلارنى تاشلاپ چىققان مۇھاجىرلارمۇ؟

— ياق.

— سىلەر(ئايەتتە دېيىلگەن يۇرتىنى تاشلاپ) مەدىنەدە ئولتۇراقلاشقان ۋە ئىمانى كۈچلۈك بولغانلارمۇ؟

— ياق.

— سىلەر ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەرمۇ ئەمەس! يېنىمدىن كېتىڭلار! - دېگەن مۇھەممەد باقىر.

ئەبۇ ھەنىفە ھىجازغا قىلغان سەپىرىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشى فىقھشۇناسلىق تارىخىدىكى مەشھۇر دىئالوگ بولۇپ، بۇ دىئالوگ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ فىقھشۇناسلىق يولىدىكى ئۇسلۇبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئىمام مۇھەممەد باقىر ئەبۇ ھەنىفەگە شۇنداق دېگەن:

— سەن بوۋامنىڭ دىنىنى ۋە ھەدىسلىرىنى قىياسىڭ بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئورۇندۇڭمۇ؟

— ئاللاھدىن پاناھ تىلەيمەن! - دەيدۇ ئەبۇ ھەنىفە راستچىللىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ياق، سەن ئۆزگەرتمەكچى بولدۇڭ! - دەيدۇ مۇھەممەد باقىر. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىدە، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قىياس بىلەن ھۆكۈم قىلىشىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ خەۋەر قىلىدىغانلار بار ئىدى. ياش ئەبۇ ھەنىفە تەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دەيدۇ:

– سەنمۇ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ ئورنۇڭدا ئولتۇر، مەنمۇ شۇنداق قىلاي، سېنىڭ نەزەرىڭدىكى ھۆرمىتىڭ، بوۋاڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ نەزەرىمدىكى ھۆرمىتىگە ئوخشاش يۈكسەك،– مۇھەممەد باقىر ئولتۇردى، ئەبۇ ھەنىفەمۇ ئولتۇردى. ئارقىدىن ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

– مەن سەندىن ئۈچ سوئال سورايمەن، جاۋاب بەر! ئەر كىشى ئاجىزمۇ، ئايالمۇ؟

– ئايال.

– ئىسلامدا ئايالنىڭ نېسۋىسى قانچە؟

– ئەرگە ئىككى ئۈلۈش، ئايالغا بىر.

– مانا بۇ بوۋاڭنىڭ سۆزى، ئەگەر ئۇنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسام، ئايال كىشى ئەردىن ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىككى ئۈلۈش، ئەرگە بىر ئۈلۈش دېيىش كېرەك ئىدى.

ئۇ ئىككىنچى سوئالنى سورايدۇ:

– ناماز مۇھىممۇ، روزىمۇ؟

– ناماز،– دەيدۇ مۇھەممەد باقىر.

– مانا بۇ بوۋاڭنىڭ سۆزى، ئەگەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسام، ئايال كىشى ھەيزدىن پاك بولغاندا نامازنىڭ قازاسىنى قىلىپ، روزىنىڭكىنى قىلماسلىققا قىياس قىلىنغان بولاتتى.

ئۇ ئۈچىنچى سوئالنى سورايدۇ:

– سۈيدۈك(بەكرەك) نىجىسمۇ، مەنىمۇ؟

– سۈيدۈك دەيدۇ، – مۇھەممەد باقىر.

– ئەگەر بوۋاڭنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسام، سۈيدۈككە غۇسلى قىلىپ، مەنىگە تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇشنى قىياس قىلاتتىم،– ئەبۇ ھەنىفە گەپلىرىنى تۈگىتىپ، شۇنداق دەيدۇ،– قىياس بىلەن سېنىڭ بوۋاڭنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ئاللاھتىن پاناھ تىلەيمەن!

مۇھەممەد ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئەبۇ ھەنىفەنى قۇچاقلاپ، مەڭزىگە سۆيىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاتتا ئىكراملارنى قىلىدۇ.

ئەبۇ ھەنىفە يەنە ئەھلى بەيتتىن بولغان زەيد ئىبنى ئەلىدىن تەلىم ئالغان، ئۇ مۇھەممەد باقىرنىڭ ئىنىسى، ئىلىمدا توشقان، مۇپەسسەل ئۇستاز. ئۇ كۇفەدە شېھىت قىلىنغان، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن بەنى ئۇمەييەلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان، ئۇنىڭغا 40 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان بەيئەت قىلغان. ئۇ فىقھى، ئەقىدە، قىرائەت ۋە ھەدىس ساھەسىدە ئەبۇ ھەنىفەگە ئۇستاز بولغان.

ئەبۇ ھەنىفە يەنە ئەھلى بەيتتىن، ئابدۇللا ئىبنى ھەسەندىن تەلىم ئالغان، بۇ زات ھەزرىتى ئەلىنىڭ نەۋرىسىنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ئۇ بۈيۈك، ھۆرمەتلىك، كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە نوپۇزغا ئىگە ئالىم. بۇ ھەقتە مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللا شۇنداق دېگەن: "مەن ئابدۇللا ئىبنى ھەسەن ئىبنى ھەسەندىنمۇ ئىززەتلىنىدىغان ئۆلىمانى كۆرۈپ باقمىدىم" («باغدات تارىخى»، 9\432). ئۇ راستچىل مۇھەددىس، ئۇ دادىسىدىن، ئانىسىدىن، بوۋىسىنىڭ تاغىسىدىن، ئەئرەجدىن ۋە ئىكرەمەدىن ئىلىم رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن بولسا مالىك، سۇفيان سەۋرى قاتارلىقلار تەلىم ئالغان. ئۇنىڭ ئۇمەۋىيە سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى زور بولغان، ئابباسىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، ئەبۇل ئابباس ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان، ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر ئۇلارنىڭ ئورنىدىن قورقۇپ، ئۆز ئۆيىگە نەزەربەند قىلىپ قويغان، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى ھەسەننىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھەرقانداق ئەركەككە شۇنداق قىلغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزگەن.

ئەبۇ ھەنىفە يەنە ئەھلى بەيتتىن ئىمام جەئفەر سادىقتىن تەلىم ئالغان، شىئەلەر ئۇنى ئالتىنچى ئىمام قىلىۋالدى. ئۇ بۈيۈك فىقھشۇناس، مۇھەددىس، ئۇ ئەھلى بەيت ۋە غەيرى ئەھلى بەيت مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىدىن ئىلىم رىۋايەت قىلغان، ئۇنىڭدىن ئەتا، ئىكرەمە، ئۇبەيدۇللا، ئابدۇراھمان قاتارلىقلار ئىلىم رىۋايەت قىلغان. شىئەلەرنىڭ بەزىسى ئەھلى بەيت



رىۋايەت قىلمىغان ھەدىسلەرنى رەت قىلغان، بىراق ئىمام جەئفەر بولسا بارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرىدىن ئىلىم رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭدىن يەنە سەۋرى، ئىبنى ئۇيەينە، شۇئبە، مۇسلىم ئىبنى ھەججاج قاتارلىقلار تەلىم ئالغان. ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭ بىلەن ئابباسىيلار سۇلالىسىدا ئىلىم سورۇنىدا ئۇچراشقان، ئۇ ھەققىدە ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: ”ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئىمام جەئفەر سادىقتىنمۇ فەقىھراق ئادەمنى كۆرمىدىم“.

كۆرگىنىمىزدەك ئەبۇ ھەنىفە ھەر خىل دەۋردە، ھەر خىل جايدا، ھەر خىل مەدرىسلەردە، ھەر خىل بۇلاقلاردا ئىلىم ئالغان، ئۇلاردىن كۇفەلىكلەر، ئىراقلىقلار، بەسرەلىكلەر بار، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رەي ئەھلى. ئۇلاردىن يەنە مەككىلىكلەر، مەدىنەلىكلەر، ھىجازنىڭ باشقا يەرلىرىدىكىلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى فىقھشۇناس، بەزىلىرى مۇھەددىس، بەزىسى لۇغەتكە ماھىر، بەزىسى شائىر، مانا بۇ ئۇلۇغ ئۇستازلار ئۇنى بۈيۈك فىقھشۇناس قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ئەبۇ ھەنىفە تاكى ئۇستازى ھەمماد ۋاپات بولمىغىچىلىك، ئايرىم بىر ھەلقە قۇرمىغان، پەقەت ھەمماد ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، بۇ ۋاقىتتا ئۇ 40 ياشلاردا بولۇپ، ئىلمي ئىشلارنى يۈرگۈزۈشكە باب كېلەتتى. شۇ دەۋرلەردە كۇفە ئىلىم كانى ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ مەسچىتىدە نۇرغۇنلىغان فىقھى ھەلقىلەر بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بولسا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەلقىسىگە ئادەملەر تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ مەسچىتتە يەنە ئەئمەش سۇلايمان ئىبنى مىھراننىڭ ھەلقىسىمۇ بار ئىدى، ئۇ پاساھەت ۋە زاھىدلىقتا كامالەتكە يەتكەن، بۇ يەردە يەنە قۇرئاننى يادلىغانلىقتىن ”مۇسھەف“ دەپ نامى تارقالغان مۇسئىر ئىبنى كىدامنىڭمۇ ھەلقىسى بار ئىدى. ئىمام سۇفيان سەۋرىينىڭمۇ ھەلقىسى بار ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ھەلقىسى بەيتۇللاھقا كۆچكەن. كۇفەنىڭ ھەلقىلىرىدە فىقھى بىلەن ھەدىسلا ئۆتۈلمەيتتى، قىرائەت دەرسىمۇ ئۆتۈلەتتى، ھەمزە ئىبنى ھەبىب ئۇستا قاري ئىدى، سۇفيان سەۋرى ئۇ توغرىسىدا: ”ئۇ ئوقۇغان قۇرئاننىڭ ھەربىر ھەرپىمۇ كىشىگە تەسىر قىلىدۇ“ دېگەن. ئۇ زەيتۇن يۆتكەپ ساتاتتى. شۇئبە ئىبنى ئىياس ئىبنى سالىم ئەزدىيمۇ ئۇستا قاري بولۇپ، قۇرئان ئۆگىتەتتى، ئۇ مۇرەتتەپ قاري بولۇپلا قالماي، تالىبۇلئىلىملەرگە فىقھىدىن دەرس بېرەتتى. مەشھۇر قىرائەت ئۇستىسى ئاسىم ئىبنى ئەبىننۇجۇد ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قىرائەت ئۇستازى بولغان، ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭ يېنىغا 7 يىلغا يېقىن بارغان. بۇ ھەلقىلەرنىڭ ئىچىدە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەلقىسى باشقا ھەلقىلەردىن ئىلمى پىكىرلەرنىڭ موللىقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى، بۇ ھەلقە تاكى ئەبۇ ھەنىفە ھەج قىلىپ مەككىگە كەتكەنگە قەدەر كۇفە خەلقىگە مەنپەئەت بېرىپ كەلگەن، كېيىن نامى ھەرەمگىمۇ تارالغان، ئەبۇ ھەنىفە ئۆز ھەلقىسىنى مەسجىدىلھەرەمگە يۆتكىگەن، ئۇنىڭ ھەلقىسى ئۇ يەردە مۇقەددەس بىر باغچىدەك بولۇپ قالغان. ئۇ شۇ يەردە ئىمام مالىك بىلەن ئۇچراشقان، دىنىي، فىقھي مەسىلىلەردە ئۇزۇن-ئۇزۇن مۇنازىرە ئېلىپ بارغان، بەزى مەسىلىلەردە ئۇلار قارشى تەرەپنى قايىل قىلغاندىن كېيىن پىكرى بىرلىككە كېلەلىگەن. ئۇ ئۆز ھەلقىسى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز جان كۆيدۈرگەن. ئىلىملىرىنى ئايىمىغان. ھەقىقەتتە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەلقىسى ئۆز زامانىسىدا كامالەتكە يەتكەنىدى، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار، ئۇستازلار يېتىشىپ چىققان. ئۇلار كېچە-كۈندۈز مۇزاكىرە، مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇ شاگىرتلىرىغا ئەدەپ بىلەن دەرس ئاڭلاشنى، ئەدەپ بىلەن، دەلىل بىلەن مۇنازىرە قىلىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ ئۆزى ئىنتايىن سەۋرچان، ئېغىر بېسىق زات ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلگەن دۇردانىلەرنى ئاڭلىغان شاگىرتلىرى ئۇنى يېزىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. شاگىرت زۇفەر مۇنداق دەيدۇ: ”ئەبۇ يۈسۈف، مۇھەممەد ھەسەن شەيبانى ئۈچىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېزىۋالاتتۇق، بىر كۈنى ئەبۇ ھەنىفە ئەبۇ يۈسۈفقا شۇنداق دېدى: ‹ئەي يەئقۇب! مەندىن ئاڭلىغانلىكى سۆزنىڭ ھەممىسىنى يازما! مەن بۈگۈن بىر مەسىلىنى توغرا دەپ قارىسام، ئەتىسى ئۇنداق دەپ قارىمايمەن؛ ئەتىسى توغرا دېگىنىمنى، ئۇنىڭ ئەتىسى ئۇنداق دەپ قارىمايمەن›“(«باغداد تارىخى»، 13\402).

ئەبۇ ھەنىفە دىن ئۆگىنىشكە ھېچقانداق دۇنياۋى مەقسەت ئارىلاشتۇرمىغان. ئۇ روناق تاپقان تىجارەتچى بولۇپ(گەزمال سودىگىرى) ئەڭ ئاۋۋال ئېھتىياجلىق

ئوقۇغۇچىلىرىغا، ئاندىن بالىلىرىغا، ئاندىن باشقا ئوقۇغۇچىلىرىغا نەپىقە قىلاتتى. ئۇلارغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى. ئۇلارغا دىنارلارنى ئەكىلىپ بېرىپ شۇنداق دەيتتى: ”بۇ پۇللارنى هاجىتىڭلارغا ئىشلىتىڭلار، پەقەت ھەممىدىن سېخىي بولغان ئاللاھنىلا مەدھىيەلەڭلار!“ ئەبۇ ھەنىفە 13 ئەسىر بۇرۇنلا ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم دەرىجىدە نەپىقە پۇلى بېرىشنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى. بۇ ئىشنى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۇستازى ھەمماد، ئۇستازى ئىبراھىم نەخەئىيدىن مىراس ھالدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى.

ئەبۇ يۇسۇف شۇنداق دەيدۇ: ”ئەبۇ ھەنىفە ماڭا ۋە ئائىلەمگە 20 يىلدەك قارىدى، مەن ئۇنىڭغا: ’سەندىنمۇ سېخى بىرىنى ئۇچراتمىدىم !!!‘ دېگەنىدىم، ئۇ: ’كاشكى ھەممادنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ...‘ دېدى“. ئۇ شاگىرتلىرىغا كۆيۈنەتتى، شاگىرتى ئەبۇ يۇسۇف ئايرىم ھەلقە قۇرغاندىمۇ، ئۇنىڭغا دائىم يېتەكچىلىك قىلىپ تۇراتتى. مانا شۇنداق يۈكسەك تەلەپ بىلەن ئەبۇ يۇسۇف بۈيۈك قازى-قۇززات بولالىغان، ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، ئۇنى قازىلارنىڭ قازىسى قىلغان، ئۇ مىليونلىغان دىنارلارنى باشقۇرغان. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۆزىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەرتىۋىلىك قىلغانلىقىغا ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن كۆپ دۇئا قىلىپ تۇرغان. باشقا شاگىرتلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئەبۇ ھەنىفەمۇ دۇئا قىلسىلا ئۇستازلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەبۇ يۇسۇفمۇ سورىغانلارغا: ”مەن ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ يېرىمىنى بەرسەممۇ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەجلىسىنى(قايتا) كۆرەلىگەن بولسام، كاشكى“ دەپ ھەسرەتلىنەتتى. ئەبۇ ھەنىفە شاگىرتلىرىغا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلاتتى. ئەبۇ يۇسۇفقا سۇلتانلاردىن نېرى بولۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان. ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ پىتنە-پاساتقا، يامان ئىشلارغا چېپىلىپ قېلىشىدىن تosىغان. شۇنداقلا ئۇ ھېچقانداق تەپەككۇر قىلمايلا، تىرىشمايلا، كۈچ چىقارمايلا ئۆزى يازغان كىتابلارغا يۆلىنىۋېلىشتىن توسىغان. بۇ ھەقتە جاھىزنىڭ تۆۋەندىكى گەپلىرى بۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەرسە كېرەك: ”بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار قۇرئان تەئۋىلىنى ۋە بىلىملەرنى ئۆگەنمەكچى بولىدۇ، فىقھى ئۆلىمالىرىنىڭ يېنىدا 50 يىل ئولتۇرۇپ فەقىھمۇ، قازىمۇ بولالمايدۇ، ئەمما ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ياكى ئوخشاشلىرىنىڭ كىتابلىرىغا بىر قاراپلا، بىر، ئىككى يىل كىتابلارنى يادلاپلا ياكى ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدىن بىر ئۆتۈپلا، ئۆزلىرىنى ئىش ئىگىلىرىدەك ھېس قىلىشىدۇ، كېيىن شەھەر ياكى ناھىيىلەرگە ھاكىم بولىشىدۇ“(جاھىز «ھايۋانات»، 1\87). ئەنە شۇنداق قاتتىق تەلەپلەردىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئاسمىنىدا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئۈچى — ئەبۇ يۇسۇف، زۇفەر، مۇھەممەد ھەسەن شەيبانى بىراقلا پارلاپ چىقتى.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدە ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى: سۈرلۈك ئىدى؛ نۇرلۇق ئىدى؛ تەقۋا، كەڭ قورساق ئىدى؛ مېھرىبان، ۋاپادار ئىدى؛ مۇلايىم، كەمتەر ئىدى؛ ئىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك ئىدى؛ پاك ۋە ئوچۇق ئىدى؛ سېخى ۋە مەرد ئىدى؛ ئۆتكۈر ۋە پاراسەتلىك ئىدى؛ بۇلاردىن سىرت ئۇ ھەم ئالىم، ھەم ئامىل(ئۆگەنگەنگە ئەمەل قىلغۇچى) مۇئەللىم ئىدى؛ ھەم راستچىل، ئىشەنچلىك سودىگەر ئىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئاللاھقا بولغان تائەت، ناماز، زاكات، ئىبادەت-قىيام، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن 70 يىل ياشىدى. ئۇنىڭ ئىلمىگە، پىكرىگە زامانىسىدىكى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك قايىل بولغان. ئىبنى مۇبارەك: ”فىقھى ساھەسىدە ئۇنىڭ مىسلىنى كۆرۈپ باقمىدىم“ دېگەن. بۇ گەپنى دېگەندە ئۇ پۈتكۈل خۇراساننىڭ فىقھى ئالىمى ئىدى. ئۇ ئەبۇ ھەنىفەگە ئاتاپ قەسىدىمۇ يازغان. ئىبنى ئىياز ئۇنىڭ ئىلمى توغرىسىدا شۇنداق دېگەن: ”ئەبۇ ھەنىفە فىقھىنى بەك بىلىدىغان، بەك تەقۋا، قولى كەڭ، سۇلتاننىڭ ھەدىيەسىدىن قاچىدىغان، سۆزنى ئاز قىلىدىغان، كېچە-كۈندۈز سەۋرچانلىق بىلەن ئىلىم ئۆگىتىدىغان ئالىم“(«باغداد تارىخى»، 13\339). سۇفيان سەۋرى(ئۇ نەقلى ھۆكۈم قىلاتتى، ئەبۇ ھەنىفە بولسا قىياسمۇ قىلاتتى) ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يېنىدىن كەلگەن بىر ئادەمگە شۇنداق دېگەن: ”سەن زېمىندىكى ئەڭ ئالىم ئادەمنىڭ يېنىدىن كەپسەن“. مۇلەييە ئىبنى ۋەكىيئ شۇنداق دەيدۇ: ”مەن دادامدىن شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم: ‹مەن ئەبۇ ھەنىفەدىنمۇ ئالىم، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم›“. ئەبۇ جەئفەر رازى شۇنداق دەيدۇ: ”مەن ئەبۇ ھەنىفەدىنمۇ بىلىملىك بىرىنى كۆرمىدىم“. ئابدۇراھمان مۇقرىي ئەبۇ ھەنىفە توغرىسىدا سۆز ئاچسا: ”بىزگە(ئىلىم

مەملىكەتتىكى) شاھەنشاھ، يەنى پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى مۇنداق سۆزلەپ بەردى” دەيتتى. ئابدۇللا ئىبنى داۋۇد شۇنداق دېگەن: “مۇسۇلمانلار ئاللاھقا ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئۆز نامازلىرىدىكى سۈننەتلەرنى ۋە فىقھى ئىلمىنى ساقلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن دۇئا قىلىشلىرى كېرەك!” مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ دەۋردە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئىلىم ساھەسىدە ئورنى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى.

ئۇ ناھايىتى تەقۋا ئىدى، كىشىلەر ئەڭ تەقۋا كىشىنى سورىسا ئۇنى كۆرسىتىپ قوياتتى، ئۇ 40 يىلدەك خۇپتەننىڭ تاھارىتىدە بامداتنى ئوقۇغان. پۈتۈن كېچە قۇرئان ئوقۇغان دەملىرى كۆپ بولغان، ئۇنىڭ يىغلىغان ئاۋازلىرى قوشنىلىرىغا ئاڭلىنىپ تۇرغان، ئۇ قۇرئاننى ۋاپات بولغۇچىلىك 7 مىڭ قېتىم خەتمە قىلغان(«باغداد تارىخى»، 13\354).

ئەبۇ ھەنىفە بىلىملىك، يۈزلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇممەۋىيلەر ئۇنى كۇفەگە قازى قىلماقچى بولغاندا، ئۇ ئادىل بولالماسلىقتىن قورقۇپ رەت قىلغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇممەۋىيلەر تەرەپتىن يۈز قامچا جازا يېگەن. شۇنىڭدەك ئۇ باشقا شەكىلدىكى ئەمەللەرنى رەت قىلغان.

ئەبۇ ھەنىفە ئۆزى چىرايلىق، چىرايلىق كىيىنىپ يۈرىدىغان، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ۋۇجۇدىدا نامايان بولۇپ تۇرىدىغان زات ئىدى. ئەتىرنى كۆپ ئىشلىتەتتى، چىرايلىق كىيىنەتتى، ئۇ ھەم ئىلىملىك، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم گۈزەل بولالىغان ئىدى. ئۇ بەكمۇ ئاق ئەمەس، بەكمۇ قارىمۇ ئەمەس ئىدى؛ بەك ئېگىزمۇ ئەمەس، بەك پاكارمۇ ئەمەس ئىدى. تاشقى قىياپىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ناھايىتى پاكىز يۈرەتتى.

ئەبۇ ھەنىفە يەنە راستچىل، ئىشەنچلىك سودىگەر ئىدى، ئۇ كۇفە كوچىلىرىدا گەزمالچىلىق قىلغان. نۇرغۇن ئادەملەر ئىلىم بىلەن تىجارەتنى بىر يەرگە ئەكىلەلمەيدۇ، بىراق ئاز ساندىكى ئادەملەر شۇنداق قىلالىغان، مەسىلەن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق زاتلار. تىجارەتنىڭ ئىلمىگە توقۇنۇشىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق، ئۇ ئاللاھ ھالال قىلغان ھالال كەسىپ، بۇ كەسىپتىن پايدىلىنىپ ئەبۇ ھەنىفە ئۆزىنىڭ ئىلىم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان. ئەبۇ ھەنىفە يىلىغا 40 مىڭ دىرھەمدىن ئارتۇق خىراجەت قىلمىغان، بۇ ئىشنى 40 يىل شۇنداق داۋاملاشتۇرغان، ئارتۇقىنى ئۇدۇللۇق باشقىلارغا خىراجەت قىلىپ تۇرغان. ئەنە شۇ 40 مىڭ دىرھەممۇ ئۇستازلارنى، شاگىرتلارنى ئىززەتلەش ۋە ئائىلە- بالىچاقىلىرىنى بېقىشقا سەرپ قىلىناتتى. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ سېخىيلىقى گوياكى دەريادەك ئىدى.

تارىختا ئالىملارغا، شائىرلارغا، ئەدىبلەرگە، مەدھىيەچىلەرگە پادىشاھلارنىڭ، سۇلتانلارنىڭ ھەدىيە بېرىدىغان ئىشلىرى بولۇپ تۇرغان. بەزى ئۆلىمالار بۇنى قوبۇل قىلاتتى. ئەبۇ ھەنىفە ئۇ ئەمەللەرنى رەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ خىل تۈردىكى سوۋغىلارنى داۋاملىق ئەۋەتىپ تۇرغان. ئەمما ئەبۇ ھەنىفە ھەر خىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئىزچىل بۇ خىل ھەدىيە ۋە سوۋغاتلارنى رەت قىلغان. ئۇ ۋالىي ئائىلىشتىن ئالىم ئائىلىشىنى لايىق كۆرگەن. ئۇ ئۇممەۋىيەلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ سوۋغاتلىرىنى رەت قىلىپلا قالماستىن، ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەدىيەلىرىنىمۇ رەت قىلغان. ئىمام مالىك رەت قىلمىغان، سۇلتانلارنىڭ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئىمام شافىئىي باغداتتا مۇھەممەد ھەسەن شەيبانى بىلەن ئۇچراشقاندا، ھارۇن رەشىدنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەن. ھارۇن ئۇنىڭغا 50 مىڭ دىنار ھەدىيە قىلغان. ياش، موھتاج، كەمبەغەل ئىمام شافىئىي 50 مىڭ دىنار(تىللا)نى ئالسۇنمۇ ياكى بويىنغا چۈشىدىغان قىلچىنى كۆتسۇنمۇ؟ ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئالدىدا ئۇنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ئېلىپ، قەسىردىن چىققاندىن كېيىن موھتاجلىقىغا قارىماي كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈۋەتكەن.

ئەبۇ ھەنىفە فىقھى ئىلمىدە ھۆججەت؛ ئۇ فىقھى ئىلمىنىڭ بەرپاچىسى؛ پەتىۋاشۇناس، ئۇ يەنە كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاۋاب بەرگۈچى. ئۇ توغرىسىدا ئىمام شافىئىي شۇنداق دېگەن: “كىشىلەرنىڭ فىقھى ساھەسىدىكى ئىلىملىرى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئىلىملىرىنىڭ بىر قىسمى”. فىقھشۇناسلار ئىككى خىل يول تۇتقان: بىرى، رىۋايەت ۋە ئۆتكەنكىلەرنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى ئاساس قىلىدىغانلار، ئىمام مالىك باشچىلىقىدىكى ئالىملار شۇنداق قىلغان،

ئۇلار، قۇرئاننى، ھەدىسنى، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىنى، مەدىنە ئەھلىنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ پەتىۋا چىقىرىدۇ؛ ئىككىنچى تۈردىكىلەر، ئەبۇ ھەنىفە باشچىلىقىدىكى رەي ئەھلى بولۇپ، ئۇلارمۇ ھۆكۈم چىقىرىشتا قۇرئاننى، ھەدىسنى ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردىن تېپىلمىغان مەسىلىلەردە ئەقلى قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىجتىھات قىلىشىدۇ. ھەنەفىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پەتىۋا چىقىرىش ئۇسلۇبى شۇنداق: بىرىنچى، كىتابۇللا — قۇرئان؛ ئىككىنچىسى، سۈننىتى رەسۇلۇللاھ — ھەدىس؛ ئۈچىنچىسى، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى — پەتىۋالىرى؛ تۆتىنچى، ئالىملارنىڭ ئىجماسى؛ بەشىنچىسى، قىياس؛ ئالتىنچىسى، ئىستىھسان؛ يەتتىنچىسى، ئۆرپ.

ئەبۇ ھەنىفە مەرىپەتكە تولغان ھاياتىدا ھەم كىتاب يېزىش ئۈچۈنمۇ قەلەم تەۋرەتكەن، ئۇ يازغان كىتابلار: «فىقھۇل ئەكبەر»، «ئالىم ۋە مۇتەئەللىم»، «ئوسمان بەتتاغا يېزىلغان خەت»، «قەدەرىيەلەرگە رەددىيە»، «ئىلىم: شەرقتە ۋە غەربتە؛ يىراقتا ۋە يېقىندا» (ئىبنى نەدىيم: «مۇنەددەرىجىلەر»، 285-بەت). ئۇنىڭ «فىقھۇل ئەكبەر» ناملىق كىتابى 60 مىڭ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ فىقھى ساھەسىدىكى مول مېۋە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ ھەنىفەنىڭ يەنە ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەللەر ئۆز كىتابلىرىدا تىلغا ئالغان ھەدىس توغرىسىدا «مۇسنەد» ناملىق كىتابى بولغان، بۇ كىتاب فىقھى ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن. شۇنىڭدەك ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى يازغان «ئاسار» (ئىزلار) ناملىق كىتابلار (بۇ شاگىرتلار شۇ ناملىق ئىككى كىتاب تۈزگەن) ئەبۇ ھەنىفەگە تەئەللۇق، ئالىملار، شاگىرتلار ئۇنى رەتلەپ تۇپلىگەن، دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى يازغان «مەبسۇت» ناملىق كىتابمۇ مۇھەممەدكە نىسبەت قىلىنسىمۇ، كۆزقاراشلىرى ئەبۇ ھەنىفەنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كىتابلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ئەبۇ ھەنىفە ھاياتى ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىسلاھاتلىرىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

بەزى كىتابلاردا ئۇنىڭ شاگىرتلىرى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنىڭ شاگىرتلىرى 36، ئۇلارنىڭ 28 قازىلىققا يارايدۇ، ئالتىسى پەتىۋاغا، ئىككىسى قازىلارنىڭ يېتەكچىسى، ئۇلار بولسىمۇ ئەبۇ يۇسۇف بىلەن زۇفەر، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئوغلى ھەمماد بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "دادامنىڭ شاگىرتى 10: ئەبۇ يۇسۇف، زۇفەر، ئەسەد ئىبنى ئۆمەر، بەجەلى، ئافىيە ئەۋدى، داۋۇد تائىي، قاسىم ئىبنى مەئىن مەسئۇدىي، ئەلى ئىبنى مۇسھىر، يەھيا ئىبنى زەكەرىيا ئىبنى ئەبى زائىدە، ھەببان ۋە مىندەل، ئەمما بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ يۇسۇف بىلەن زۇفەرنىڭ مىسلى بولمىغان" («باغداد تارىخى»، 14\246). شۈبھىسىزكى، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەڭ داڭلىق شاگىرتلىرى ئەبۇ يۇسۇف، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ۋە زۇفەرلەر ئىدى.

ئەبۇ يۇسۇف: ئۇ يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ھەبىب ئەنسارىي بولۇپ، ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەڭ مەشھۇر شاگىرتى. زامانىسىنىڭ ئەڭ چوڭ قازىسى، ھادى، مەھدى ۋە ھارۇن رەشىد قاتارلىق ئۈچ خەلىپە ئۇنى قازى قىلغان. ھارۇن رەشىد ئۇنى ۋەزىر ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭغا جىق ئەقىدە قىلغان، نۇرغۇن ئىلىملەرنى بەرگەن. ئۇ ۋاپادار شەخس ئىدى. ئەبۇ ھەنىفە ئۇنىڭغا ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن نۇرغۇن ۋەسىيەتلەرنى قىلغان. ئەبۇ يۇسۇف ھەقىقەت ئۈچۈن خەلىپىگە قارشى ھۆكۈم چىقىرالايتتى. ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ جاۋاب بەرگەن ھەم نۇرغۇن كىتابلارنى تۈزگەن، مەسىلەن: «ناماز توغرىسىدا»، «زاكات توغرىسىدا»، «روزا توغرىسىدا»، «مىراس توغرىسىدا»، «سودا-سېتىق توغرىسىدا»، «شەرىئەت جازالىرى توغرىسىدا»، «ۋاكالەتچىلىك توغرىسىدا»، «ۋەسىيەت توغرىسىدا»، «ئوۋ ۋە بوغۇزلانغان ماللار توغرىسىدا»، «مالىك ئىبنى ئەنەسكە رەددىيە»، «تۇپلاملار»، «خىراج»، «ئاسار»، «ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىبنى ئەبى لەيلا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار»، «ئىبنى ئەبى لەيلاغا رەددىيە»... قاتارلىقلار بولۇپ، «خىراج» ناملىق كىتابى ئەڭ مەشھۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى: ئۇ ۋاسىتتا تۇغۇلغان، كوفەدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. كېيىن ئەبۇ ھەنىفەدىن تەلىم ئالغان ۋە داڭلىق شاگىرتى بولۇپ قالغان، ئۇ ھەم ئالىم، ھەم زور نوپۇز ئىگىسى. ئىمام شافىئىي بىلەن دوست بولغان، ھارۇن رەشىدنىڭ

مەجلىسلىرىدە مۇشاۋىر بولغان. ئۇ نەزەر دائىرىسى كەڭرى، پاساھەت ئىگىسى ئىدى. شافىئىي ئۇنىڭ پاساھەتلىك بايانىنى دائىم ماختايتتى. شافىئىي شۇنداق دەيدۇ: ”مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى بىرەر مەسىلىگە ئايەت كەلتۈرسە، خۇددى قۇرئان ئۇنىڭغىلا نازىل قىلىنغاندەك دەل كەلتۈرەتتى“. ئۇ ئەخلاقلىق، مېھرىبان ئادەم ئىدى. ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرى بۇ ساھەدىكى مۇھىم مەنبەلەر ھېسابلىنىدۇ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل نۇرغۇن ئىنچىكە مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەقىل قىلىپ ئالغان ۋە پىكىر يۈرگۈزگەن. بەسرە ئەھلى ئۆز ئالىملىرىنىڭ 4 كىتابىدىن پەخىرلىنىدۇ: بىرى، جاھىزنىڭ «بايانناما» ۋە «ھايۋانات» ناملىق كىتابلىرى؛ يەنە بىرى، سىيبىۋەينىڭ كىتابى؛ يەنە بىرى، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتابۇل ئەيىن» ناملىق كىتابى؛ تۆتىنچىسى بولسا دەل مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىنىڭ ھالال-ھارام توغرىسىدىكى 27 مىڭ مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابىدۇر. ئۇ يازغان كىتابلار: «مەبسۇت»، «قوشۇمچىلار»، «جامىئۇسسەغىير»، «ئەسسىيەرۇس سەغىير»، «جامىئۇل كەبىير»، «ئەسسىيەرۇل كەبىير»، «ئاسار»، «مەدىنە ئەھلىگە رەددىيە»، «ئۇسلۇبلار»... قاتارلىق كىتابلار، بۇلار ئىشەنچلىك ھالدا ئۇ يازغان كىتابلار، دەپ قارىلىدۇ، ئۇنى يازغان دەپ پەرەز قىلىنىدىغان كىتابلار: «كەيسانىيات»، «ھارۇنىيات»، «جۇرجانىيات»، «رەققىيات»، «قوشۇمچىلارغا قوشۇمچىلار» قاتارلىقلار. مۇھەممەد ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىگەن بولۇپ، 58 يېشىدا ۋاپات بولغان.

زۇفەر ئىبنى ھۇزەيل: ئۇ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئەڭ دەسلەپتىكى شاگىرتلىرىنىڭ بىرى، قازىلىقنى كۆپ قېتىم رەت قىلغان. ئۇ شاگىرتلارنىڭ ئارىسىدا قىياس قىلىشقا ئەڭ ماھىرى ئىدى. ئىلىمگە تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى، ئەبۇ يۇسۇفتىن بۇرۇن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ھەلقىسىگە ئورۇنباسار بولغان. ئۇ 48 يېشىدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇمۇ ئەبۇ ھەنىفە شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدىكى فىقھى ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەنلەرنىڭ بىرى.

ھەسەن ئىبنى زىياد: بۇ كىشىمۇ ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەشھۇر شاگىرتى، قولىقى يۇمشاق، ئەدەپلىك، تىرىشچان، خۇددى ئەبۇ يۇسۇفتەكلا كىچىك ۋاقتىدا جاپا-مۇشەققەتتە ئۆسۈپ يېتىلىپ، كېيىن بېيىپ كەتكەن. ئۇ ھىجرىيە 194-يىلى كۇفەنىڭ قازىسى بولۇپ، ھەفسى ئىبنى غىياسنىڭ ئورنىغا چىققان. بىراق ئۇ قازىلىق ئورنىدا ئۇزۇن ئولتۇرمىغان. ئۇ ھەم نۇرغۇن داڭلىق شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىققان، ئۇ تۈزگەن كىتابلار: «كىتابۇل مۇجەررىد»، «قازىلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى»، «كىتابۇل خىراج»، «مەئانىل ئىمان»،... قاتارلىقلار. مانا بۇلار ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىدۇر.

ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق كىتابلار مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى تۈزگەن «ئۇسلۇبلار» ناملىق كىتاب، ئۇ تۈزگەن دەپ قارىلىدىغان «نەۋادىر» ناملىق كىتاب ۋە كېيىن يېزىلغان «ۋەقەلەر ۋە پەتىۋالار» ناملىق كىتابلاردۇر.

شۇنچىلىك زور تىرىشچانلىق ۋە ئىلمى ئەمگەكلەردىن كېيىن، ئەبۇ ھەنىفە ھىجرىيە 150-يىلى رەجەپ ئېيىدا باغداتتا ۋاپات بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە پۈتكۈل باغداد، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى تەۋرەپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ جىنازىسىغا 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقانلىقتىن، قىستاڭچىلىق يۈز بېرىپ، 6 قېتىم جىنازە نامىز ئوقۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقىسىنى ئوغلى ھەمماد ئوقۇيدۇ. ئاللاھ ئەبۇ ھەنىفەگە كۆپلىگەن رەھمەتلەرنى قىلسۇن! ئەمدى بىز ئەبۇ ھەنىفەنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزى بىلەن بۇ ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرىمىز: ”مانا بۇ بىزنىڭ پىكرىمىز! ئۇ بولسا بىز قادىر بولغان پىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى! كىمكى ئۇنىڭدىن ياخشى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، ئۇنى قوبۇل قىلىمىز!“

(ئاساسلىق پايدىلانغان مەنبەلەر: دوكتور مۇستەفا شىكئەنىڭ «تۆت ئىمام» ناملىق كىتابى؛ ئىمام مۇھەممەد ئەبۇ زەھرەنىڭ «ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: ھاياتى ۋە دەۋرى، كۆزقاراشلىرى ۋە ئىلمى» ناملىق كىتابى).

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: ئادىلجان ھاجى كېرىم)

# مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىمنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىزنالىرى توغرىسىدا

## — مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى ئەسلەپ

غۇپۇر رېشىت

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم 2011-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە توپ-توغرا بىر يىل بولدى. مەرھۇمنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى ياد ئەتمەي تۇرالمايمىز.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم بىلىم ئېلىشنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان، ئىلىم-مەرىپەت نۇرىنى چېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، مەدەنىيەت مەشئىلىنى ياندۇرۇپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ، مەدەنىيەتلىك، ساپالىق روھىي ھالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم ئىسلام دىنىنىڭ بىلىمسىزلىككە، نادانلىققا، نامراتلىققا باشلايدىغان دىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەمدە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ پەقەت ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق ھەقىقەتنى بىلىش ۋە ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ كۆپ قېتىم تەشۋىق قىلغان.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم ئەقىل-ئىدراكنى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇغاچقا كائىنات ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ چوڭغا چوڭ، كىچىككە كىچىك، بىلگەنلەرگە بىلگەنچە، بىلمىگەنلەرگە زېرىكمەي-تېرىكمەي چۈشەندۈرۈشنى مەسئۇلىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ئۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەر ئاساسىدا ئاسمان-زېمىننىڭ يارىتىلىشى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ھېكمەتلەر بارلىقىنى، زېمىندىكى پايدىلىنىشقا تېگىشلىك نېمەتلەر ۋە يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن كان بايلىقلىرىدىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى، ئۇلار ئۈچۈن زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ئارقىلىق ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا دىنىمىز تەشەببۇسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ تۇراتتى.

مەن بىر قېتىم ئۇچراشقاندا "كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا ماڭسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ" دېگەن ھەدىسنى شەرھلەپ، ھەر قانداق پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئىسلام دىنىدا ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن ئىدى. دېمەك، مەرھۇم ئۆزى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئۇلىما بولغاچقا، باشقىلار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ قالسا، بىلىمنى ئايىماي ياردەملىشىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ياشلارنى ئۆزلۈكسىز تىرىشىشقا دەۋەت قىلىپ، ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن "مەن 90 دىن ئاشقان بولساممۇ، كۆرۈپ باقمىغان، ئاڭلاپ باقمىغان، ئەقلىمدىن كېچىپ باقمىغان ئىشلار، نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ، تەتقىق قىلىپ، ۋۇجۇدقا چىقىرىپ پايدىلىنىش سىلەرنىڭ زىممىڭلەردە" دەيتتى ھەم ئۇلارنى ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ كىشىلەرگە "ھاياتنى ئىلىمسىز، بىلىمسىز، تەپەككۇرسىز، قەدىرسىز، ئەھمىيەتسىز ئىش بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلار كۆپىيىپ قالسا جەمئىيەتنى جاھالەت باسىدۇ" دەيتتى.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم پەرزەنتلىرىگە ھەم شاگىرتلىرىغا "مەدەنىيەتسىز، قالاق دېگەن سۆپەتلەر بىزگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق ھېس قىلساڭلار، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەڭلار! رېئاللىقنىڭ نەدىن باشلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىڭلار! ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزۈڭلاردىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلىڭلار! بولۇپمۇ پەرقلەندۈرۈشكە تىرىشىپ، توغرا دەپ قارىغاننىڭ ئارقىدا توغرىسى نېمىدۇر، خاتا دەپ قارىغاننىڭ توغرىسى قايسىدۇر، دېگەننى ئويلاڭلار! ھەرگىز بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولماڭلار! ئۆگەنگىلى بولىدىغان بىلەن ئۆگەنگىلى بولمايدىغاننى جەزمەن ئايرىيالايدىغان بولۇڭلار!" دەيتتى.

ئالىملار-ئۇلىمالىرىمىز

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتى شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن. 1987 ـ يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان 19 كىشىلىك دىنىي ئۆلىمالار قاتارىدا شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈش، دەرسلىك كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى بېكىتىش توغرىسىدىكى ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان. مەرھۇم ھازىرقى دەۋردە ئېچىلغان بۇ دىنىي مەكتەپنىڭ خاراكتېرىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك، دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، ئىلمىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئۆز پىكىر ـ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەرھۇم بىز بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى خانلىق ۋە ساقىيە مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان چاغلىرىدىكى تەجرىبىلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ سۆزلەپ، سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا مەدرىسە مائارىپى بىلەن ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ خاسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنستىتۇتنىڭ ئۆزىگە خاس ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ۋە ئوقۇتۇش مېتودىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بىر نەچچە قارارلىق تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىمتىھانغا نازارەتچىلىك قىلغان. مەرھۇم ئوقۇغۇچىلاردىن يۈز تۇرانە ئېلىنىدىغان ئىمتىھانلاردا ناھايىتى ئىنچىكە سوئاللارنى قوياتتى. شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى تارىختىن بۇيان مەكتەپكە قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن تالىپلار ئىچىدىن تاللاشتا چىڭ تۇرغاچقا، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىمۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ يۈز تۇرانە ئىمتىھان ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈشنى تۈزۈم قىلغان.



يەنى مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ سوئال سوراش، ئوقۇتۇپ كۆرۈش، تەپسىر قىلدۇرۇش، قىرائەت قىلدۇرۇش، تاللاپ جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم بۇ پائالىيەتلەرگە تەكلىپ بىلەن ئىزچىل قاتنىشىپ كەلگەن، ھەتتا كېسەل سەۋەبىدىن يېتىپ قالغان شارائىتتىمۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ يۆلەپ كېلىشى بىلەن ياكى چاقلىق ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ بولسىمۇ بۇ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى داۋاملاشتۇرغان.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم مەكتەپ مەسئۇللىرى يوقلاپ بارغانلىكى پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش نىشانى، ئوقۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئىمتىھان ئۇسۇلى ۋە تۈزۈمى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش پراكتىكىسى، دەرسلىكنىڭ 5 يىلغا بۆلۈنۈشى قاتارلىقلار ئۈستىدە كەڭ كۆلەمدە پاراڭلىشاتتى. ھەتتا بەش يىلدا ئۆتۈلىدىغان 23 خىل دەرسلىكنىڭ مەۋسۇملۇق، ھەپتىلىك ئۆتۈلىدىغان دەرس سائەتلىرىگىچە سۈرۈشتە قىلاتتى.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم 23 خىل دەرسنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال تىلغا ئالغىنى ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى بولغان، يەنى ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشتە سۆزلۈك ئۆگىنىشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ گرامماتىكىسى(نەھۋى)نى، ئىستىلىستىكىسى (بالاغەت)نى، ئەرەب ئەدەبىياتىنىمۇ قوشۇپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن. شۇنداق قىلغاندا قالغان دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە پۇختا ئاساس سېلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ يەنە قىرائەت ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەپ، قىرائەت قىلىش تالىپلار مەكتەپ پۈتتۈرۈپ جامائەتنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئەڭ بۇرۇن كۆرسىتىدىغان ماھارىتى، تۇنجى بولۇپ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر خىل ئۆلچەم، دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەقەت قىرائەت بىلەنلا تالىپلارغا باھا بېرىدىغان ئەھۋال يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلەۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەتتە، بۇ پىكىرمۇ ئۆز سالمىقىنى كۆرسەتمەكتە.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم دىنىي دەرسلەرنى تەسىس قىلىشتىكى پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدا پايدىلىق پىكىرلەرنى بەرگەن. مەسىلەن: ھەددىس دەرسىنى تەسىس قىلىشتىكى مەقسەت ۋە ئۇنىڭ

ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: تالىپلار بۇ دەرسنى ئوقۇسا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرىنى چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدۇ. «فىقھى» دەرسلىكىنى دەلىللەپ چۈشىنىشكە ئاساس يارىتىدۇ. بۇنىڭ ئەھمىيىتىگە كەلسەك: ئېتىقاد، شەرئى ئەھكام ۋە ئەخلاق جەھەتلەردە سىستېمىلىق، ئەتراپلىق تەربىيەلىنىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، تەپەككۇر ئىقتىدارى ئاشىدۇ. ئەمەلىي بىلىمى چوڭقۇرلىشىدۇ. باشقا پەنلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئوخشىمىغان ماتېرىياللارنى مۇتالىئە قىلىش ئىقتىدارى ئۆسىدۇ، دېگەن.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم «ھەدىس» پرىنسىپلىرى توغرىسىدا توختىلىپ: تالىپلار بۇ دەرسنى ئۆگەنسە، ئۇلار توغرا رەۋىشتە چۈشەندۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش يوللىرى ھەققىدە سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئوقۇغۇچىلار بۇ دەرسنى ئۆگەنگەندە ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسى، رىۋايەتچىلىرى، رەتلەپ توپلىنىش جەريانى، تۈرلىرى، سۈپەتلىرى، ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىز بولىشىدىكى ئۆلچەملەر، بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرى جەھەتلەردە سىستېمىلىق تەربىيەگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بىر-بىرىگە باغلاپ چۈشىنىش ئىقتىدارى ئاشىدۇ، دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن. تەپسىر ئۆگىنىش توغرىسىدىمۇ مۇناسىپ پىكىرلىرىنى بەرگەن.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم پەننىي دەرسلەرنى تەسىس قىلىشنىڭ دىنىي بىلىملەرنى بېيىتىش، يېتەكلەش رولى بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، قوللىغان دىنىي ئۆلىما ئىدى. ئۇ ھەر تۈرلۈك پەن-مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئوقۇش زۆرۈر، بۇ دەرسلەرنى ئىسلام ئىنستىتۇتىدا تەسىس قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دىنىمىزنى ئىلمىي، توغرا چۈشىنىشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق دەپ قارايتتى، ئۇ دەۋرىمىزدىكى يېڭى ماتېرىيالنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، دىنىي ماتېرىيال ئىشلىرىنىڭ مەدرىسە ماتېرىيالىدىن يېڭىچە ماتېرىيالغا ئۆتۈش ئۈچۈن باشلامچىلىق رول ئوينىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندى.

مەرھۇم شېرىپجان داموللا ھاجىم يۇقىرىقىدەك پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپلا قالماستىن، ئۆز پەرزەنتلىرىنى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، يەنى 16 بالىدىن 10 نەپىرىنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان، قوللىغان، يول كۆرسەتكەن، رىغبەتلەندۈرگەن. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىرىمىدىن كۆپرەكى مەمۇرىي خادىم ياكى كەسپىي خادىم بولۇپ، يېزىدىن تارتىپ سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. مەرھۇم ئۇلارغا ئۆزى باشچى بولۇپ، سۆز-ھەرىكەتلىرىدە بولۇپمۇ ئەخلاق-پەزىلەتتە ئۈلگە بولۇپ، ياخشى ئىشقا يېتەكلىگۈچى، يامانلىقنى توسقۇچى، ئادىللىققا گۇۋاھچى، بىلمىگەنگە بېشارەتچى، ئېزىپ قالغانغا ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ پەرزەنتلەر ۋە جامائەتچىلىك ئىچىدە ياخشىلىقنىڭ سىماسى بولۇپ قالغان.

يۇقىرىقىلاردىن مەرھۇم شېرىپجان دامولا ھاجىمنىڭ بىلىملىك، مەسىلىلەرگە ئىلمىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ قارايدىغان زېرەك، تالانتلىق، ناتىق ئۆلىما ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەرھۇم دىنىي جەھەتتە ھېچقانداق تەييارلىقسىزمۇ بىر نەچچە سائەت مەزمۇنلۇق، چۈشىنىشلىك قىلىپ دەرس سۆزلىيەلەيتتى. ھېيت، جۈمە نامازلىرى، دىنىي ئۆلىمالار يىغىلىشلىرىدا، ماتەم مۇراسىملىرىدا سۆزلىسە جامائەتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. ئاممىباب تىل بىلەن ئەمەلىي مىساللارنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ زېھنى شۇنداق ئوچۇقكى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، كىتاب ئوقۇپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ، باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىپ، ئۆز مەقسەتلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

دېمەك، شېرىپجان دامولا ھاجىم ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، ئەخلاق-پەزىلىتى، جەمئىيەتتىكى تەسىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى ئۆلىمالار، مۇسۇلمانلار ئاممىسى باشتىن-ئاخىر ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن دەۋرىمىزدىكى تەۋەررۈك ئۆلىما ئىدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغان، پاك سۈيىنى ئىچكەن، نازۇنېمەتلىرىدىن بەھرى ئالغان، شەرەپ قۇچقان ئانا يۇرتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەنگە مۇھەببىتى كۈچلۈك، ۋەتەنىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى، بىرلىكى، تىنچ-ئامانلىقى، كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان ھەم قايتۇرۇشنى ئويلايدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئاتاقلىق دىنىي ئەرباب بولۇشقا مۇناسىپ.

مەرھۇم ئۇستازىمىز شېرىپجان دامولا ھاجىم، سىزنىڭ پەزىلىتىڭىز بىزگە مەڭگۈ ئۆرنەك بولغۇسى، بىز سىزنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز. ياتقان جايىڭىز جەننەتتە بولغاي!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

# داڭلىق مۇدەررىس جامال ئاخۇن خەلپىتىم

مۇھەممەتجان قۇتلۇق

قەشقەردىكى داڭلىق مۇدەررىس جامال ئاخۇن خەلپىتىم 1880 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەشقەرگە تەۋە خانئېرىق يېزىسىنىڭ يىما كەنتىدە بىر ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن دەسلەپكى دىنى ساۋادىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىني مەكتەپلەردىكى ئۇلىمالاردىن ئالغان، كېيىن ئىلىم ئىزدەپ قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، داڭلىق خانلىق مەدرىستە مەشھۇر ئۇلىمالاردىن ياقۇپ ئاخۇنۇم موكا، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىقلاردا ئوقۇغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىلىم ئىزدەپ چەتئەلگە چىقىپ، بۇخارادىكى مەشھۇر مەدرىسلەردە ئاتاقلىق ئالىم ـ ئۇلىمالاردىن بىر قانچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. جامال ئاخۇن خەلپىتىم قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر شەھىرىنىڭ قارقى دەرۋازا مەھەللىسىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە زەرگەرلىك كوچىسىدىكى مەسچىتكە ئىمام ـ خاتىپ بولغان. ئۇنىڭ ئىلمى ئىستېداتى جەمئىيەتنىڭ دىققەت ـ نەزەرىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، قەشقەردىكى بىر قىسىم مۆتىۋەرلەر ۋە ئىخلاسمەنلەر ئۇنى قەشقەر ”ۋەلىخان باي مەسچىتى“گە ئىماملىققا يۆتكەپ، مەسچىتنىڭ بىر قانچە كىچىك ھۇجرىلىرىدا بىر قىسىم مۆتىۋەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئەتراپىدىكى مەھەللە كىشىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ يەنە تەكلىپ بىلەن ”تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسى“گە مۇدەررىس بولغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە ئەمەلى ئىقتىدارى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان ۋە ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن.

قەشقەردە كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان جامال ئاخۇن خەلپىتىم ئۇلىمالار ئارىسىدا بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە بولغان. مەشھۇر ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىقلارمۇ مەسىلە ۋە سوئاللارنى سورىغان كىشىلەرگە دائىم: ”بۇ مەسىلىنى جامال ئاخۇن خەلپىتىمدىن سوراڭلار“ دەپ تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە ئاساسەن قەشقەر مەھكىمە شەرئى ئۇنى قەشقەردىكى يەنە بىر ئالىي دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى ”ساقىيە مەدرىسى“گە مۇدەررىسلىككە تەيىن قىلغان. جامال ئاخۇن خەلپىتىم زور مەسئۇلىيەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىلمى ئىستېداتىنى جارى قىلدۇرۇپ بۇ مەدرىستە نۇرغۇنلىغان ئىقتىدارلىق شاگىرت ـ تالىپلارنى يېتىشتۇرگەن.

جامال ئاخۇن خەلپىتىم قابىل تىل ئۇستىسى بولۇپ، پارس تىلى جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئالاھىدە يۇقىرى ئىدى. تەپەككۇر قابىلىيىتى يۇقىرى، ئىنكاسى تېز، ھازىر جاۋاب كىشى بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىقتىدارى بىلەن ئەل ئىچىگە تونۇلغان، كۆپىنچە ”راجى“ نامىلىق ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن پاساھەتلىك شېئىرلارنى يازغان ئىدى.

1925 ـ يىلدىن كېيىنرەك قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۇلىماسى ئابدۇقادىر قازى كالان ئاخۇنۇم جامال ئاخۇن خەلپىتىمنى بىرگە ئېلىپ، يېڭى شەھەر ئارا باغ يېزىسىدىكى مۆھتەرەم ئۇلىما ئەممەت ئاخۇن خەلپەمنى يوقلاشقا چىققان. بۇ چاغدا قەشقەردىكى نامدار كىشىلەر قەشقەردىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز پىكرىنى قويۇپ، ئوقۇتۇش، تەلىم ـ تەربىيە، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى، خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە قىزغىن پاراڭ بولغاندا ئابدۇقادىر قازى كالان ئاخۇنۇم ياش ئۇلىما جامال ئاخۇن خەلپىتىمگە قاراپ: ”جامال ئاخۇن خەلپىتىم، ئۆزلىرى ئەممەت ئاخۇن خەلپەمنىڭ شەنىگە بىر نەزمە ئوقۇماملا؟“

دەپتۇ، هازىر جاۋاب جامال ئاخۇن خەلپىتىم دەرهال مۇنداق بىر نەزمە ئوقۇپتۇ:

ئارا باغۇ، توقاي ئىلە بارىن،
شەيخى ياڭتوڭ، مۇرىدى چىن دارىن.
سىلىپ سالىكنى ئالدىغا،
غەرەز: ئالماق تەئەللۇقتىن بارىن.

نەزمە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بارلىق مەجلىس ئەھلى قايىل بولۇپ جامال ئاخۇن خەلپىتىمگە "بارىكاللا" ئېيتىپتۇ.

شېئىرنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى ۋەزنى، ئىخچام هالدا نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەت خەلپەم كۈلۈپ كېتىپ: "قوپسىلا غوجام، قوپسىلا، مەن ئۆزلىرىگە بىر دۇئا قىلاي!" دەپ ئۇنىڭغا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

جامال ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئەل ئىچىگە تارقالغان شېئىر-نەزمىلىرى 1980-يىللاردا نەشر قىلىنغان "يوپۇرغا ناۋاسى" ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

جامال ئاخۇن خەلپىتىم ئاتاقلىق دىنىي زات بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى يېڭىلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان، خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زات ئىدى. ئۇ 1933-1934-يىللىرىدىن ئېتىبارەن قەشقەردە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان يېڭى ئىدىيە، يېڭى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان "ئىسلاھۇل مەدارىس ۋەلمەساجىت ھەيئەت"(مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى)نىڭ نىشان-مەقسەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى چىن قەلبىدىن قىزغىن قوللاپ، "ھەيئەت" ئورۇنلاشتۇرغان تۈرلۈك پائالىيەتلەر، بولۇپمۇ بارلىق ئۆلىمالاردىن ئىمتىھان ئېلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىغا قىزغىن قاتناشقان ۋە قوللىغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئۆلىمالاردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن "ئەلىيۇل ئەلا" دەرىجىدە ئۆتۈپ، ئىمتىھاندا يۇقىرى نەتىجىگە ئېرىشكەن ئۆلىمالار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان "ئالتۇن لەۋھە"نى سەللىسىگە تاقىغان ئاز ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولۇپ، ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان. ئۇ مۇشۇنداق بىلىم ئىقتىدارى بىلەن "ئىسلاھۇل مەدارىس ۋەلمەساجىت ھەيئەت"(مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى ئىسلاھ قىلىش ھەيئىتى) تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان "دارىلئۇلۇم"نىڭ دىنىي ساھەدىكى پەنلىرىدىن دەرس بېرىدىغان مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

جامال ئاخۇن خەلپىتىم "ساقىيە مەدرىسى"دە ئىلمى كامالەت بىلەن مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان دەۋردە، يەنى 1937-يىلى ئەكسىيەتچى شىڭ شىسەينىڭ قاراڭغۇ تۈرمىسىگە چۈشۈپ 57 يېشىدا ۋاپات بولغان.

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى


**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2012-يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دېڭ زۇڭلياڭ باشچىلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى ۋە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن بەدرىددىن گو چېڭجېن، ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىلجان ھاجى كېرىم قاتارلىق رەھبەرلەر كۈتۈۋېلىشقا قاتناشتى.

مۇئاۋىن مۇدىر دېڭ زۇڭلياڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قۇتلۇقلاش بىلەن بىرگە يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىن قىزغىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ ھالدا ئىشتىراك قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دېڭ زۇڭلياڭ باشچىلىقىدىكى ھال سوراش ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەمدە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى، جۈملىدىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە قىلغان غەمخورلۇقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. (ھاجى بارات رەجەپ)

# تارانچى مەسچىت ۋە تارانچىلار

تۇرسۇن ئەرشىدىن



غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى "تۆپە دەڭ" دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمىي مەھەللىدە ئاشۇ مەھەللىگە ئوخشاشلا قەدىمىي بولغان "تارانچى مەسچىت" دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەسچىت بار. بۇ مەسچىت "تارانچى" نامى بىلەن يىراق-يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، قىزىقىشىنى قوزغاپ كەلمەكتە.

غۇلجا رەسمىي شەھەر بولۇشتىن ئۇزاق يىللار ئىلگىرى غۇلجىنىڭ شەرق تەرىپىدە خۇددى غۇلجىنىڭ ئۆگزىسىدەك كۆرۈنىدىغان ئېگىز ياداڭلىق هەم دۆڭلۈك بولغان ئىدى. ئۇ جاينىڭ تاپىنىدا سۈيى ئىككى قىرغاققا پاتماي ئاقىدىغان ئۆستەڭ بار ئىدى. ئۇنىڭ تۆپىسىدە غۇلجىنىڭ شەرقىدىكى يېزا-سەھرالاردىن، تاغ-قىشلاقلاردىن كېلىدىغانلارنى كۈتۈۋالىدىغان ناھايىتىمۇ ئاۋات بىر دەڭ بولغانىدى. ئۇ دەڭ ئەلگە "تۆپە دەڭ" دەپ تونۇلغانىدى.

1800-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ياركەنتتىكى ئابدۇقادىر داموللا باشلىق 6 ئۆيلۈك تارانچى غۇلجا تەرەپتە قالغان ئاتا-ئانىلىرىنىڭ "ئايىغىدا يېتىش" ئۈچۈن ئۇ يەردىكى "ئېرىقىدا دائىم سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان" بىر جايىنى تاللاپ شۇ يەرگە ماكانلىشىدۇ. بۇ 6 ئۆيلۈك تارانچى تۆپە دەڭگە ماكانلاشقاندىن كېيىن ياركەنتتىكى تارانچىلار ئىچىدە ئەھۋالى ئاشۇ 6 ئۆيلۈك تارانچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر تۈركۈم تارانچىلار كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىپ "تۆپە دەڭ"گە ماكانلاشقان تارانچىلارنىڭ سانى 17 گە يېتىدۇ، تۆپە دەڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شالاڭ مەھەللىلىرىنى هاسىل قىلغان ئاشۇ 17 ئۆيلۈك تارانچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېتەكچىلىكىدە كىچىك بىر جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ، ئەڭ دەسلەپ مەھەللە كوچىلارنىڭ كېسىشكەن جايىدىن بىر پارچە ئاق يەرنى تاللاپ، شۇ يەرگە تام سوقۇپ، ئۈستىنى بورا-بادىرا بىلەن يېپىپ، ئىچى-تېشىنى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋاپ، هاك بىلەن ئاقارتىپ ئاددىي بىر مەسچىت سالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قوراسى چوڭراق هويلىلارغا يىغىلىپ جۈمە نامىزى ئۆتەش، دالادا هېيت نامىزى چۈشۈرۈش ئىشلىرىغا خاتىمە بېرىلىدۇ.

1917-يىلىغا كەلگەندە بولشېۋىكلار هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ پېتىربۇرگنى مەركەز قىلغان چارپادىشاھ ئارمىيەسىنى رۇسىيەدىن هەيدەپ چىقارغاندا، چارپادىشاھ ئارمىيەسىنىڭ بىر بۆلۈكى يەتتەسۇ تەۋەسىگە چېكىنىپ، ئۇ يەردە تەشكىللەنگەن چارپادىشاھقا سادىق "تارانچى پولكى" بىلەن بىرلىشىپ بولشېۋىكلار ئارمىيەسىنىڭ يەتتەسۇ رايونىغا كىرىشىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، يېڭىلگەندىن كېيىن قورغاس ئارقىلىق شىنجاڭغا ئۆتىدۇ هەم قوراللىرىنى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ هۆكۈمىتىگە

مەسچىت-مەدرىسلەر

تاپشۇرۇش بەدىلىگە شىنجاڭ تەۋەسىدە تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشىدۇ.

1918-يىلىغا كەلگەندە، بولشېۋىكلار ئارمىيەسى يەتتەسۇدىكى چارپادىشاھ ئارمىيەسى بىلەن بىر سەپتە تۇرغان ''تارانچى پولكى''نى يوقىتىشقا كىرىشىدۇ، يەتتەسۇنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بولغان تارانچىلار قىرغىنچىلىقتىن قورقۇپ تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ، ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر بۆلۈكى تۆپە دەئىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ پاناھلىقىدا تۆپە دەئىگە كېلىپ يەرلىشىدۇ. ئىلى تەۋەسىگە ئۆتكەن تارانچىلارنىڭ ئىچىدە ئاددىي پۇقرالاردىن باشقا يەنە جامائەت ئەربابلىرى، زىيالىلار، ئەمەلدارلار، بايلار، ئەدىبلەر، دىنىي ئۆلىمالار، ھۈنەرۋەن-كاسىپلار بار ئىدى.

ئۇلار تۆپە دەئىگە يەرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان تۆپە دەڭ جامائىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالمايۋاتقان كونا مەسچىتنى قايتىدىن ياساشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ، ھەممە شۇ چاغدىكى غۇلجا تەۋەسىدىكى ''تۆت چوڭ ئۆلىمانىڭ بىرى'' بولغان ئىسمايىل ئاخۇننىڭ يېتەكچىلىكى، تەشكىللىشى ۋە باشلامچىلىق قىلىپ مەبلەغ سېلىشى بىلەن جامائەت كونا مەسچىتنى قايتىدىن ياساشقا قوزغىتىلىدۇ. ئىسمايىل ئاخۇن جامائەتنى ''پۇلى بارلار پۇل، مېلى بارلار مال، ھۈنىرى بارلار ھۈنەر، كۈچى بارلار كۈچ'' چىقىرىشقا چاقىرىدۇ. نەتىجىدە كونا مەسچىت چېقىۋېتىلىپ ئورنىغا تاملىرى پىششىق كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان، پېشايۋانلىق چوڭ بىر مەسچىت سېلىنىدۇ. ئۇ مەسچىت ساراي ھەم دالانلىق ئىدى. ساراي ئىچى كەڭ ھەم ئازادە بولۇپ ئىككى رەت قاتار تۈۋرۈكلەر مەسچىتنىڭ تورۇسىنى مەزمۇت كۆتۈرۈپ تۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇ تۈۋرۈكلەر بىر-بىرىگە كۆك تاختايلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ ياسالغانىدى. ئۇ تاختايلارنىڭ ئۈستىنكىلىرىگە سەللە، بۆك، قالپاق قاتارلىق باش كىيىملەر، ئاستىنقىلىرىغا كالاچ، كەش قاتارلىق ئاياغ كىيىملىرى قويۇلاتتى، ھەربىر تۈۋرۈككە جىن چىراغ، ماي چىراغ، شام، لامپا قويۇلىدىغان تەكچىلەر ياسالغانىدى. بۇنداق تەكچىلەر مېھرابنىڭ ئىككى تەرىپىگە ھەم تاملارغىمۇ ياسالغانىدى. مەسچىتنىڭ ئۈچ قەۋەت ئۆي ئېگىزلىكىدەك كېلىدىغان ئايلانما پەلەمپەيلىك پەشتىقىدا ئېيتىلغان ئەزان مەھەللىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا ئاڭلىناتتى.

ئىسمائىل ئاخۇن ياسىلىۋاتقان مەسچىتنىڭ كۆلىمى، كۆركەملىكى ۋە پۇختىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي بەلكى مېھراب، دەرۋازا تاملىرىغا نەقىشلەنگەن سۈرە-ئايەتلەرنىڭ توغرىلىقى، گۈزەللىكى، نەپىسلىكى شۇنداقلا تەسىرچانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ، سۈرە-ئايەتلەرنى ئۆز قولى بىلەن تاللىغان ۋە تولىمۇ نەپىس قىلىپ نەقىشلەتكەنىدى، ھەممە مېھرابنىڭ ئىككى يېنىغا: ''ئالدىراڭلار نامازغا قازا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئالدىراڭلار تەۋبىگە ئەجەل كېلىشتىن ئىلگىرى'' دېگەن لەۋھەنى ئالاھىدە نەقىشلەتكەنىدى. ھەربىر نامازخاننىڭ كۆزىگە ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ لەۋھە ھەربىر نامازخاننىڭ قەلبىگە ئورناپ، ئۇلارنى نامازنى ئۆزرىسىز قازا قىلماسلىققا ھەم ئۆزىنىڭ ھەربىر قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئەسكە ئېلىپ تەۋبىنىڭ ھەربىر پۇرسەتلىرىنى قولدىن بەرمەسلىككە ئالدىرىتاتتى، دەرۋازا بېشىغا ئايەتلەر چوڭ قىلىپ ھۆسنخەت بىلەن نەقىشلەنگەنىدى.

ئىسمائىل ئاخۇن مەسچىت ھويلىسىغا يەنە بەش سىنىپلىق مەدرىسە سالدۇرغانىدى. بۇ مەدرىسە ئەينى يىللاردا تالىپلار تەربىيەلىنىدىغان دىنى تەلىم-تەربىيە ئورنى بولغانىدى. ئىسمائىل ئاخۇن مەسچىتنىڭ ئىمام، خاتىپ، مۇئەززىن، قارىلىرى ئۈچۈن ئولتۇراق قورا ۋە ئۆيلەرنىمۇ سالدۇرغانىدى. ياركەنتلىك ئىسمائىل ئاخۇننىڭ باشچىلىقىدا ياسالغان، تامچىلىرىمۇ، ياغاچچىلىرىمۇ، نەققاشلىرىمۇ ھەتتا جامائىتىمۇ يەتتەسۇلۇق بولغان بۇ مەسچىت تەبىئىيلا ''تارانچى مەسچىت'' دەپ ئاتىلىپ قالدى. كېيىن بۇ نام ھۆكۈمەت تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنىپ ''تارانچى مەسچىت'' دېگەن ۋېۋىسكا ئېسىلىپ ''تارانچى مەسچىت'' دېگەن بۇ نام قانۇنلۇق نامغا ئايلاندۇرۇلدى.

''تارانچى مەسچىت'' ھەققىدە سۆز بولغاندا يەنە بەزىلەر: '' 'تارانچى' دېگەن زادى نېمە گەپ؟'' دېگەن سوئالنى قويىدۇ. ئالدى بىلەن ئېيتساق ''تارانچى مەسچىت'' دېگەن نام يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان تارىخى سەۋەبلەر زۆرۈرىيىتىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ خۇددى دۇنيادىكى تۈرلۈك-تۈمەن خىل ناملار بىلەن ئاتالغان مەسچىتلەرگە ئوخشاش ھەرقانداق مۇسۇلمان كىرىپ ناماز ئوقۇسا بولىدىغان مەسچىتتۇر.

ئەمدى ''تارانچى'' دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ ھەقتە تىلشۇناسلار، تارىخچىلار ۋە باشقا تەتقىقاتچىلار مۇنداق بىرنەچچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلارنىڭ

بىرىدە: “تارانچى” دېگەن سۆز موڭغۇلچە “تەرىچى” دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، “تەرىچى” دېگەن سۆز “تېرىمچى، تېرىقچى، يەر تېرىغۇچى، بوغدايچى” دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا “تارانچى” دېگەن سۆزنى “دېھقان” دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ، دەيدۇ.

يەنە بىرخىل قاراش يۇقىرىقى قاراشنى رەت قىلىپ “تاران” دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە “يۇيۇن - تاران” دېگەن سۆزدىن كەلگەن، يەنى “تاران” دېگەن سۆزگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە “چى”نىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەسلىدە تارانچىلار يۇيۇنۇپ - تارىنىپ يۈرۈشكە، تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ.

قاراشلارنىڭ يەنە بىرىدە: “تارانچى” دېگەن سۆز “تارالغۇچى” دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى تارانچىلار مىلادىيە 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى، يەتتەسۇ ۋە جەنۇبتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارىلىپ كەتكەن قىسمىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ سۆزنىڭ توغرىسى “تارقالغانلار” بولسىمۇ ئۇزاق يىللار جەريانىدىكى تىل ئۆزگىرىشلىرى نەتىجىسىدە “تارانچىلار”غا ئۆزگىرىپ شۇ نام بىلەن تۇراقلىشىپ قالغان، دەپ چۈشىنىدۇ.

“تارانچىلار” ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ يېقىنقى يىللاردا بەزى تارىخچىلار يەنە بىر يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

دۇنيا ئىستېلاچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇنىدا مۇستەھكەم قەلئە، سېپىللارنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان 300دىن ئارتۇق قاۋۇل لەشكەر، سەرخىل ئاتلارنى قوشۇپ سۆرەپ ماڭىدىغان، غايەت يوغان چاقلارنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان “كۆچمە قەلئە” بار ئىكەن. ئۇ “كۆچمە قەلئە” ئېگىز سېپىللارنىڭ يېنىغا سۆرۈتۈلۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئوقيا، نەيزىچى ۋە قىلىچۋاز لەشكەرلەر مۇستەھكەم جايلىشىپ ئىشغال قىلىنماقچى بولغان سېپىل، قەلئەلەرنى قوغداۋاتقانلارغا ئۈستىدىن زەربە بېرىدىكەن. ئەنە شۇ قورال “تاران” دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاشۇنداق قورالنى ياساشقا ھەم ئۇنى ئىشلىتىشكە ئاجرىتىلغان مەخسۇس لەشكەرلەرنى “تارانچى”، “تارانچىلار” دەپ ئاتايدىكەن.

“تاران” دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىرخىل قورال بولۇپ ئۇ ئېگىلىشچانلىقى ھەم ئېرغىتىشچانلىقى يۇقىرى بولغان تاختايلاردىن ياسىلىدىكەن ھەمدە تاختاينىڭ بىر ئۇچى تەگلىككە مۇقىملىنىپ يەنە بىر ئۇچىغا تاش قويۇپ بەتلىنىدىكەن، ئاندىن كۈچ بىلەن قايرىلىدىغان ئۇچ ئىتتىك قويۇپ بېرىلسە ئۇ تاختاي شىددەت بىلەن ئەسلىگە كېلىش داۋامىدا بەتلەنگەن تاشنى كۆزلىگەن نىشانغا قارىتىپ زەربە بىلەن ئاتىدىكەن. بۇ قورالمۇ سېپىلنىڭ كۈنگۈرلىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ قورالنى ياسايدىغان ھەم ئىشلىتىدىغانلارنى “تارانچى”، “تارانچىلار” دەپ ئاتايدىكەن. بۇ قاراشتىن يەنە تارانچىلارنىڭ قورال - ياراغ ياساشقا ھەۋەسمەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن “تارانچى” دېگەن نامنىڭ يېقىنقى يىللاردىلا پەيدا بولغان نام بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇزاق تارىخقا چېتىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.


بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە “تارانچى” دېگەن نام تاۋار ماركىلىرىغا، يول بېكەتلىرىگە ۋە باشقا تارماقلارغا قوللىنىلماقتا. گەرچە “تارانچى” نامى جەمئىيەتكە كەڭ تارالغان بولسىمۇ، ئەمما “تارانچى” نامى قويۇلغان مەسچىت دۇنيادا پەقەت بىردۇر.

(ئاپتور: غۇلجا شەھرىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: ھاجى بارات رەجەپ)

## ئىران ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ئىران مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام ئالاقە تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد مەھدى ئىمانىپۇر باشچىلىقىدىكى 6 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىران ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2012 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن ھاجى بارات رەجەپ، ئىمادىددىن ۋېن جيەن قاتارلىقلار مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى. سۆھبەتتىن كېيىن مېھمانلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. (ھاجى بارات رەجەپ)




**مۇھەممەد ئىسمائىل**

«قۇرئان كەرىم»نىڭ يېزىق بەلگىلىرى ۋە تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ تەدرىجىي بىرلىككە كېلىشىگە، شۇنداقلا ئەرەب تىلى گراماتىكا ئىلمىنىڭ ۋە تاۋۇش چىقىرىش قائىدىلىرىنىڭ مۇقىملىشىشىغا ئەگىشىپ، تەجۋىد ئىلمى بارلىققا كەلدى.

''10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئاتاقلىق كالامشۇناس ئالىم ئىبنى مۇجاھىد(859 — 936) مۇسۇلمانلار ئارا كەڭ تارقالغان 7 خىل قىرائەت قىلىش ئۇسۇلىغا نىسبەتەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەخسۇس ئەسەر يېزىپ، بايان قىلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 7 خىل قىرائەت قىلىش ئۇسۇلى رەسمىي قوبۇل قىلىنىپ بېكىتىلگەن. باغدادنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىماسى شائىر ئەبۇ مۇزاھىم، مۇسا ئىبنى ئۇبەيدۇللا، ئىبنى يەھيا ھەججانى(862 — 937) يازغان ''ھەججانى شېئىرلار توپلىمى''(51 شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئەسىرىدە قىرائەت بىلىملىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشتىكى رىتىم مەسىلىسى نۇقتىلىق خاتىرىلىنىپ بايان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن قىرائەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قىرائەت ئىلمىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان خىلمۇخىل ئەسەرلەر كۆپلەپ بارلىققا كېلىپ، قىرائەت ئىلمىنى ئۈستى ـ ئۈستىگە تېخىمۇ جانلاندۇردى. شەيخ مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد جەزەرى(1350 — 1429) ئالدىنقى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يازغان ''جەزەرىنىڭ ئومۇمىي بايانى'' دېگەن ئەسىرىدە، تەجۋىد بىلىملىرىنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇش ساھەسىنىڭ داڭقىنى چىقاردى. ئۆز ۋاقتىدىكى قىرائەتشۇناسلىق تەرەققىي قىلىپ، گراماتىكا ئىلمى، تىلشۇناسلىق ئىلمى، تاۋۇش ئىلمى، ئاھاڭشۇناسلىق ئىلمى قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇنىۋېرسال ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇش بىر خىل كەسپىي ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قىلىنىدىغان ئوقۇش ماھارىتى بولۇپ قالدى. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرى قىرائەت مەكتىپى ئېچىپ، تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى. قىرائەت تەشكىلاتلىرىنى قۇردى، ھەممە جامائەتچىلىك ۋاستىسى ئارقىلىق تەجۋىد قائىدىسى بىلىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتتى''[①].

نۆۋەتتە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا قىرائەت فاكۇلتېتلىرى تەسىس قىلىنىپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ دەرسنى چوقۇم ئوقۇلىدىغان دەرس قىلىپ بېكىتىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر پەن تېخىمۇ كەسىپچانلىققا، ئۆلچەملەشتۈرۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. ئىسلام دۇنياسىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇش ماھارەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دائىم قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى قىرائەت ئۆمىكى تەشكىللەپ دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە سەييارە ئايلىنىپ قىرائەت قىلىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇشنى چۈشەندۈرۈش كىتابچىلىرى ھەمدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ لىنتىلىرى VCD ئوپتىك دىسكا ۋە كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللىرى بۇ پەننىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىماقتا.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر)

---

① «جۇڭگو ئىسلام دىنى قامۇسى» 175 ـ ، 176 ـ بەتتىكى ياڭ كېلى، ما يۈنفۇلار يازغان «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇش سۆزىگە قارالسۇن.

ئىسلام بىلىم گۈلزارى

# ئىسلام دىنىغا ئائىت ماقال ـ تەمسىللەر

ئابرۇي ئالتۇندىن قىممەت.
ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش خۇدانىڭ پەرمانى.
ئاتاڭنىڭ مىراسىنى ئالاي دېسەڭ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىل.
ئادالەت ــ مەشئەل.
ئادالەتسىز شاھنىڭ دەۋرى قىسقا.
ئادالەت ئالدامچىنىڭ كۆزىنى ئويار.
ئادىل بولغان ئۇزاق ياشار.
ئادەم بۇ دۇنيانىڭ مېھمىنى.
ئادەم بولاي دېسەڭ بازارغىمۇ بار، مازارغىمۇ بار.
ئالەمنىڭ تۈغۈلۈشى مۆجىزە، يشىشى ھېكمەت، ۋاپاتى ئىبرەت.
ئازغا شۈكۈر قىلساڭ، كۆپى كېلۇر.
ئازغا قانائەت قىلساڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولۇر.
ئاق تاماكا چەككەنلەر، دوزاخ ئىشكىنى چەككەنلەر.
"ئال" دېسە ئەئۇزۇبىللاھ، "بەر" دېسە ئەستەغفۇرۇللاھ.
ئاللاھ دېگەن بەندىسىگە، تاشلاپ بېرەر مەھەللىسىگە.
ئالىم زالىم بىلەن چىقىشالماس، ھاراقكەش قارىم بىلەن.
ئامانەتكە خىيانەت قىلغاننىڭ ئىمانى بولماس.
ئانا رازى، خۇدا رازى؛ مۇھەممەد مۇستاپا رازى.
ئانىسىنى تونۇمىغان، ئاللاھنى تونۇماس.
ئايەتتە شەك يوق.
ئەل قارغىشى مىنەلھەق.
بالاڭدىن رازى بولاي دېسەڭ، ئاتا ـ ئاناڭنى رازى قىل.
بۇ دۇنيانىڭ ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما.
بىچارىنىڭ بېشىنى سىلىساڭ، چىققان دۆڭلۈك ئېگىز بولغاي.
تىكەندىن گۈل، ھەرىدىن ھەسەل ياراتقان خۇدايىم.
خۇدا ئۇرغاننى يۆلىگىلى بولماس.
خۇراپات ھۆكۈم سۈرگەن يەردە ھاياتنىڭ قىممىتى بولماس.
خۇراپاتلىق تەڭرىگە تۆھمەت، بەندىگە زۇلمەت.
دورىسى تېۋىپتىن، شىپالىقى ئاللاھتىن.
سەدىقىنى ئوڭ قولدا بەر، سول قول سەزمىسۇن.
قەلبىڭدە ئېتىقاد بولسا، باللىرىڭ پاك بولۇپ يېتىلەر.
كۆپ يېگەن ئادەم ئىبادەتنىڭ لەززىتىنى تاپالماس.
مىڭ تىللانى پارا بەرگەندىن، بىر تىللانى سەدىقە قىل.
ئىككى پۇت بىلەن ئىككى كالپۇك ئارىسىدىكى ئەزالىرىڭدىن ھەزەر ئەيلە ۋە پاك تۇت.
ئىمانسىز ــ رەھىمسىز، بىلىمسىز، قىلىقسىز.
ئىمانىڭ بولمىسا ئىناۋىتىڭ بولماس.
ئاخىرەت ئۈچۈن مەسچىت سال،
بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن مەكتەپ سال.
ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل،
مىڭ يىل ياشايدىغاندەك ئوقەت قىل.
ئەجىر قىل، دەرياغا سال، بېلىق كېلۇر،
بېلىق بىلمىسە ئاللاھ بىلۇر.
ئەقىدە بىلمىگەن نادان شەيتانغا ئەلدۇر،
ئەگەر مىڭ يىل ئىبادەت قىلسىمۇ يەلدۇر.
تەۋبىنى ئۆلۈك دېگىن، دېمىگەنلەر دېسۇن،
شۈكرىنى ئىچىڭدە دە، يېمىگەنلەر يېسۇن.
خۇدا بەرگەن ئىناۋەت قىيامەتكىچە،
خەلق بەرگەن ئىناۋەت ئەجەل يەتكىچە.
خۇدا بەندىسىگە دىتنى قوشۇپ بەرمىسە،
ئۆزىگىمۇ دەرد ئىكەن، باشقىلارغا دەرد ئېسە.
زاكاتسىزنىڭ پۇلىنى، يىرتقۇچ يەپتۇ مېلىنى،
مەرد سېخىنىڭ مېلىنى، ئاللاھ ساقلار جېنىنى.
زەرگەر قىلغان زەنجىرنى ئۈزۈپ بولماس،
ئاللاھ پۈتكەن تەقدىرنى بۇزۇپ بولماس.
ئىلاھا قورقىمەن ئۈچ نەرسىدىن: بىرى نەستىن،
بىرى مەستتىن، يەنە بىرى مۆرىمەستىن.
ئىنساپ بار يەردە ئىمان بار،
ئىمان بار يەردە بەرىكەت بار.
(رەتلىگۈچى: ئىمىر مۇھەممەد، ئاقسۇ شەھرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)



# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئۈلگە

مۇھەممەتتۇرغۇن ئىسمائىل

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، ئۇنى بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرغۇچى نۇرلۇق چىراغ قىلدى. ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئەستىن چىقارمايدىغانلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈلگىلىك ئېسىل خىسلەتلەرنى نامايان قىلدى.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "**سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر**" {سۈرە «ئەھزاب» (33 ـ سۈرە)، 21 ـ ئايەت}.

سىز جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلىمىدا ياشاڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ھامان سىزگە ۋە بىزگە شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نۇقسانسىز بىر ئۈلگىدۇر. پەيغەمبىرىمىز ئىبادەت، ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپلىرىدە قۇرئان كەرىمنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغاندۇر. پەيغەمبىرىمىز باشلىغان يولغا ماڭغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تاپقۇچى غالىبلاردۇر.

تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلالمايۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. كىشىلەر پەقەت ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتقان، ئالىملار، ئەدىبلەر، مۇتەپەككۇرلار، دەۋەتچىلەر ئالقىشلانمايۋاتقان، ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان، ئۆزىنگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ مەنپەئەتى يوق ئىشلار قىزغىنلىقىدا پاتقان، ئىلىم سورۇنلىرىنىڭ قىممىتى ھېس قىلىنمايۋاتقان، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بىر پاتمان خىياللار بىلەن تېڭىرقاپ قېلىۋاتقان كىشىلەر بىر يېتەكلىگۈچىنىڭ يېتەكلىشىگە نەقەدەر موھتاجلىقىنى، بىلىپ ـ بىلمەي ھاياتىنى ئىلمىسىز، تەپەككۇرسىز، قەدىرسىز، بىھۇدە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.

ئەقىدە ـ ئىمانىنىڭ سۇسلىشىپ ئەخلاقسىزلىششىقا، ناچار، بولمىغۇر قىلمىشلارنىڭ مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدا يات كۆرۈلمەسلىكىگە سەۋەب بولۇۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟

مۇتلەق كۆپ سانلىق تېرەن پىكىرلىك كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىۋى كىملىك تۇيغۇسىنى بىلىش ئىقتىدارىنىڭ خىرەلەشكەنلىكىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى چىڭ تۇتمىغانلىقتىن كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىز ئۈممەتنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: "**(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر**" {سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 110 ـ ئايەت}.

ئۇنداقتا، بىز ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى سانالساق، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن بىز مۇسۇلمانلار مەدەنىيەتسىز، قالاق بولۇپ قالدۇق؟ بۈنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟

دېمەك، مۇسۇلمانلار ئوبرازىنىڭ خۇنۇكلىشىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىزدىسەك، بىردىنبىر سەۋەب كۆپچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىمسىزلىكىدۇر. يەنى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنى ئەسلى روھى بويىچە چۈشۈنۈپ ئەمەل قىلىشتىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. مۇھىم ئىشلارىمۇ ھۇرۇنلۇق ۋە بىپەرۋالىق قىلدى.

ئوقۇرمەنلەر ساداسى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە روياپقا چىقارغان ساھابە ۋە سەلەف ـ سالىھلارنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيانى تاڭ قالدۇرغۇدەك تارىخنى ياراتقانلىقىنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويۇشتى. رېئاللىقىمىزدا ئىشنى نەدىن باشلاش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشتە كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دىنىغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەمتۈكلىكىدىن مەگدەپ قېلىپ خاتالىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، قۇرئان ۋە ھەدىس توغرىسىدا ھەقىقىي تونۇش بولغاندىلا، توغرىسىنى خاتادىن، سۈننەتنى بىدئەتتىن، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى، قوبۇل بولمايدىغان ئەمەلدىن ئايرىغىلى بولاتتى.

دىنىمىزنى بىلىش ۋە پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىش مۇكەممەللىككە يەتكەندىلا ئاندىن توغرا بولغان قىممەت قارىشى تىكلىنىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار توغرا قاراش تىكلەش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن يولدىن تايماي، پەيغەمبىرىمىز يېتەكلىگەن يولدىن ئازماي، ساھابىلەرنىڭ يولىدىن قايماي ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز زۆرۈر.

پەيغەمبىرىمىز بىز ئۈچۈن مۇكەممەل بىر ئۈلگىدۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەربىيەسىدە بولغان ساھابىلەر ھاياتىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردەك نامى قىيامەتكىچە ئۇنتۇلمايدىغان ئوت يۈرەك ئەزىمەتلەر پەيغەمبىرىمىزنى ھەممە ئىشلىرىدا ئۈلگە قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: **"(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن"** {سۈرە«قەلەم»(68 ـ سۈرە)، 4 ـ ئايەت}.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: **"ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى"** دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بۈيۈك ئەخلاق ئۈلگىسىدۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم تا قىيامەت كۈنىگىچە زامان ـ ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئالەملەرنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ كىتابىدۇر. ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئېسىلىپ ئۇنى ھەقىقىي رەۋىشتە چۈشەنگەن، پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىپ ھەدىس رەسۇلۇللاھنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن، ساھابىلەر يولىغا ئەگەشكەن تىلى بىلەن قەلبى بىر كىشىلىرىمىز، دۇنيادا كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ھۆرمەت تاپىدۇ، ئاخىرەتتە ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان جەننەتكە ئېرىشىدۇ.

ئىنسانىيەتنى جاھالەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئىماننىڭ نۇرىغا چىقارغان ئىسلام دىنىمىز زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، چۈشىنىش ئەمەل قىلىش ئاسان بولغان، ئىلمىيلىككە ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە دىن. ئەتراپىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار "ئۇمۇ توغرا ئەمەس! بۇمۇ توغرا ئەمەس!" دەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنتىپاقلىقى، كەڭ قورساق روھىنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى شاخچە مەسىلىلەردىكى پەرقىنى زورايتىپ، ئامما ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق، تالاش ـ تارتىش ۋە ماجىرا پەيدا قىلىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان مەسىلىلەر پەقەت ئۇششاق مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنچىلىك كۈچەپ تەكىتلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار ھەممىمىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداش ئىكەنلىكىمىزنى، ھەممىمىزنىڭ بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، مۇبارەك قۇرئان كەرىمگە ئەمەل قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئۇنى ئۈلگە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدى.

پەيغەمبىرىمىز بىز ئۈچۈن مۇكەممەل بىر ئۈلگىدۇر. يىغىپ ئېيتقاندا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئۈلگىلەرنى بۇ قىسقىغىنا بىر قانچە بەتكە يېزىش ۋە سۆزلەش بىلەن ساناپ تۈگىتەلمەيمىز.


ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى بولغان قۇرئان كەرىمگە مەھكەم ئېسىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا ئۈرنەك قىلىپ، ئۇممەتنىڭ ئىنتىپاقلىقىغا، مۇسۇلمان ئوبرازىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشىغا ھەسسىمىزنى قوشايلى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ تالىپى،
تەھرىرلىگۈچى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر)

# يۈز سانىڭغا مۇبارەك

(«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن)

مۇھەممەت مۇسا




مۇسۇلمانلار قەلبىدە شاھانىسەن ژۇرنىلىم،
پەزىلەتلەر بابىدا يېگانىسەن ژۇرنىلىم،
بۈيۈك ھەر بىر تەلىمىڭ، يادنامىسەن ژۇرنىلىم،
ھېكمەتلىرىڭ دىللاردا، نۇرانىسەن ژۇرنىلىم،
ھىدايەتكە باشلاشتا مەردانىسەن ژۇرنىلىم.

مۇسۇلمانلار قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ماڭدىڭ سەن،
ئۈمىدىنى قەلبىڭنىڭ قات-قېتىغا تاڭدىڭ سەن،
تاغدەك يۈكنى يەلكەڭگە ئىككىلەنمەي ئالدىڭ سەن،
ھەقىقەتنىڭ سازىنى جاراڭلىتىپ چالدىڭ سەن،
دوستۇڭ بولاي دېگەنگە چىن ھەمراھسەن ژۇرنىلىم.

بىر ئاللاھنىڭ نامىدا باشلاپ ھەر دەم سۆزۈڭنى،
ئۈمىد بىلەن ئاۋامغا تىكتىڭ نۇرلۇق كۆزۈڭنى،
خاتالىقتىن ھەر قاچان يىراق تۇتۇپ ئۆزۈڭنى،
شەيتانلاردىن قول ئۈزۈپ، قىلدىڭ يورۇق يۈزۈڭنى،
ئىلىم-ھېكمەت كانىدا دۇردانىسەن ژۇرنىلىم.

ئادىمىيلىك خىسلەتتىن ساۋات بەردىڭ بىزلەرگە،
مېھرىڭ بىلەن ئىلىمدىن ناۋات بەردىڭ بىزلەرگە،
ئىمان بىلەن مەنىلىك ھايات بەردىڭ بىزلەرگە
يۈكسىلىشكە داۋاملىق قانات بەردىڭ بىزلەرگە،
يولىمىزغا باشلامچى، نىشانىسەن ژۇرنىلىم.

يۈز سانىڭدا مىڭ ھېكمەت چاقناپ ئۆتتى، كۆردى ئەل،
ئەقىل كۆزۈڭ جاھاننى چارلاپ ئۆتتى، كۆردى ئەل،
ئالىملىرىڭ بۇلبۇلدەك سايراپ ئۆتتى، كۆردى ئەل،
ئەل-ئاۋامنىڭ يۈرىكى يايراپ ئۆتتى، كۆردى ئەل،
بولدۇڭ يەككە-يېگانە، سۇلتانە سەن ژۇرنىلىم.

ئۈمىدىم شۇ توختىماي تاغ-داۋانلار ئاتلىغىن،
زالالەتنى يوقىتىپ، يۇلتۇزلاردەك چاقنىغىن،
سەپسەتىلەر ئالدىدا ھەقىقەتنى ياقلىغىن،
زەپەر قۇچۇپ خەلقىمنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىغىن،
توغرا يولدا مېڭىشقا مەداتكارسەن ژۇرنىلىم.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# 2011 ـ يىللىق جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن رەئىسى ئادىلجان ھاجى كېرىم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرغان پىدا، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3 ـ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىبراھىم لىي گې، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەب، ئىبراھىم ۋاڭ گولىياڭ، ئىمادىددىن ۋېن جىيەن قاتارلىقلار مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇرھان چاڭ چېڭلىياڭ باش كاتىپ بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى 2011 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تۇرۇپ، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىشىغا مۇلازىمەت خىزمىتىدە بولدى.

2011 ـ يىل، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ 28 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن 13781 مۇسۇلماننى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇردى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ۋازارىتى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى گېزىت ـ ژۇرناللىرىنىڭ ئېلان قىلىشىچە، 2011 ـ يىل دۇنيا بويىچە مۇقەددەس زېمىنغا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىليون 927 مىڭ 717 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن چەت ئەللىك ھاجىلار 1 مىليون 828 مىڭ 195 كىشى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئۆزىدىن ھەج قىلغۇچىلار 1مىليون 99 مىڭ 522 كىشى بولغان. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئېلان قىلىنغان خەۋەر بويىچە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھەج تاۋاپ پائالىيىتىگە ئاتىغان بارلىق قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدە جۇڭگو كارخانىسى ھۆددىگە ئېلىپ ياسىغان، 2011 ـ يىل بىر تۈركۈم دۆلەتلەردىن كەلگەن ھەج قىلغۇچىلارغا قۇلايلىق ياراتقان يېنىك رېلىسلىق تۆمۈر يولى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانى مەككە مۇكەررەمەدىكى مىنا، ئەرافات ۋە مۇزدەلىفە ئارىلىقىدا ئاڭدىغان بۇ تۆمۈر يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر كېلىدىغان بولۇپ، بۇ يىل 500 مىڭ ھەج قىلغۇچىنى توشىدى.

جۇڭگو ھاجىلىرى 2011 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھۆددىگە ئالغان 41 ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭ، لەنجۇ، كۈنمىڭ، يىنچۇەن ۋە ئۈرۈمچى ئايروپورتلىرىدىن يولغا چىقىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بارغانىدى.

جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى دۆلىتىمىزنىڭ بۇ يىلقى ھەج تاۋاپ ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، “تەرتىپلىك ھەج قىلىش، مەدەنىي ھەج قىلىش ۋە بىخەتەر ھەج قىلىش”نى نىشان قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ھەمكارلىشىشى بىلەن سىياسىي بىخەتەرلىك ۋە جىسمانىي بىخەتەرلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھەربىر جەرياندىكى خىزمەتلەردە بىخەتەرلىكنى ساقلاش خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنداپ، “ئادەمنى ئاساس قىلىش، ھاجىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش” ئىدىيىسىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ھاجىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلدى، بۇ جەرياندا جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئوڭۇشلۇق، ئازادە ۋە خاتىرجەم ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئالدىن ياتاق تەييارلاش، ئايروپورتتا كۈتۈۋېلىش، شۇنىڭدەك مىنا، ئەرافات رايونىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرار ـ جاي، قاتناش ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ھەمدە ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك ئۇچراپ تۇرىدىغان قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئاخىرىدا ھاجىلارنى تۈركۈمگە بۆلۈپ ۋەتەنگە يولغا سېلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئورۇنداپ ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا

ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، جۇڭگو ھەج خىزمىتى باش ئۆمىكى ھاجىلارغا خىزمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خارجى ئىشلارغا دائىر بىر قاتار پائالىيەتلەردە بولدى: ئۆمەك باشلىقى ئىبراھىم خۇاڭ چاۋيۇ قوش ھەرەم شېرىپ خادىمى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ پادىشاھ مۇراسىمى ۋە پادىشاھ زىياپىتىگە داخىل بولدى. ئۆمەك باشلىقى ئىبراھىم خۇاڭ چاۋيۇ، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ئادىلجان ھاجى كېرىم بىر قىسىم ئۆمەك مەسئۇللىرى ھەمراھلىقىدا يەنە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركى، دۇنيا ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد ئەلى قاتارلىق ئەربابلارنى زىيارەت قىلدى، ھەج ۋەزىرى بەرگەن زىياپەتكە داخىل بولدى؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ھاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنىنىڭ رەئىسى زۇھەيرنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىغا ئەلا مۇلازىمەت قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، ئۇلارغا جۇڭگو ھەج تەشكىللەش خىزمىتى ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ھەج مۇلازىمىتىگە دائىر كونكرېت مەسىلىلەر ھەققىدە دوستانە پىكىر ئالماشتۇردى. ئۆمەك مەسئۇللىرى ھەج ۋازارىتى ئۇيۇشتۇرغان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە ھەج ئىشلىرى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. خىزمەت ئۆمىكى يەنە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كونا دوستلىرىنى يوقلىدى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئۆلتۈراقلىشىپ قالغان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدىن خەۋەردار قىلدى.

بۇ قېتىمقى ھەج مەزگىلىدە، خىزمەت ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە ئاساسلىق گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرىغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇ يىلقى ھەج قىلىش ئەھۋالى، جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتى ھەم ھەج خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك گېزىتلىرىدە يۇقىرىقى ئەھۋاللار توغرىسىدا خەۋەرلەر بېسىلدى.

ھەج مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ جىددە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى بۇ يىلقى ھەج خىزمىتىگە باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى. باش كونسۇل ۋاڭ يۇڭ قاتارلىقلار كۆپ قېتىم ھاجىلارنىڭ تۇرالغۇسى ۋە داۋالىنىش بۆلۈملىرىگە بېرىپ ھاجىلاردىن ھال سورىدى. خىزمەت ئۆمىكىدىكىلەرنى ۋە ھارقايسى ئۆلكىلەرنىڭ شۆبە ئۆمەك مەسئۇللىرىنى كونسۇلخانىغا تەكلىپ قىلىپ ئۇلاردىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا زىياپەت بەردى.

جۇڭگو ھاجىلىرى ھەج پائالىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلىپ، 2011-يىلى 11-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. (ئا)

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دۇ چىڭلىن، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن باشلىقى جۇ ۋېيچۈن قاتارلىق رەھبەرلەر يېغىۋاتقان قارىغا قارىماي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە كېلىپ چاغانلىق ھال سورىدى. دۇ چىڭلىن قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن بەدرىددىن گو چېڭجېن، ئىبراھىم خۇاڭ چاۋيۇ، مۇستافا ياڭ جىبو، ئادىلجان ھاجى كېرىم؛ مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن ھاجى بارات رەجەپ، نەبىل ما جۇڭپىڭ، ئىبراھىم ۋاڭ گولياڭ، ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن، ئىمادىددىن ۋېن جيەن، ئابدۇللا ئەمىن جىن رۇبىن قاتارلىقلارنىڭ ۋە بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. دۇ چىڭلىن قاتارلىق رەھبەرلەر ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

قارشى ئېلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، دۇ چىڭلىن قاتارلىق رەھبەرلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن

سەمىمىي دوستانە سۆھبەتلەشتى. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن رەھبەرلەرنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، يېغىۋاتقان قارغا قارىماي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلىرىدىن ھال سوراپ كەلگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2011-يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2012-يىللىق خىزمەت پىلانىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. مۇئاۋىن رەئىس دۇ چىڭلىن ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇشال بولدى ھەمدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى، 2011-يىلى 9-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن نۆۋەت ئالماشتۇرۇش يىغىنىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ بىر نەچچە ئايدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەننىڭ باشچىلىقىدا ئىتتىپاقلاشقان، مۇقىم بولغان ۋەزىيەتنى ھەقىقىي قوغدىشىنى؛ مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ھەقىقىي مۇلازىمەت قىلىشىنى؛ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىنى؛ باشتىن-ئاخىر ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە مۇسۇلمانلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ، پارتىيەنىڭ 18-قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىغا ۋە يېڭى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ۋاكالىتەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىغا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، ھەمدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋەتەننى، دىننى سۆيۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئەنئەنىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدا تېگىشلىك ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھال سوراش پائالىيىتىگە يەنە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باش كاتىپى ئەن چىيى، 2-ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاۋ شۈيى، مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن جاڭ تيەنيۇ، يۈەن شا، ما لىنخۇەي قاتارلىقلار قاتناشتى.

(ھاجى بارات رەجەپ)

## ئىسلام جەمئىيىتى پائالىيەتلىرى

▦ قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن دىنىي زاتلارنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شەھەرلىك ھۆكۈمەت يىغىن زالىدا قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە تەييارلىق مۇسابىقىسىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 17 نەپەر ماھىر قاتناشتى. 300دىن ئارتۇق دىنىي زات مۇسابىقىنى كۆردى. مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلارنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى مۇسابىقىنى كۆرگىلى كەلگەن 300دىن ئارتۇق دىنىي زاتنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

باھالىغۇچىلارنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى بىلەن ئالدىنقى 3 دەرىجىگە ئېرىشكەن 6 نەپەر ماھىر مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى. قالغان 11 نەپەر ماھىر رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ تەقدىرلەندى. (نىجات غوپۇر)

▦ 2012-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى چۈشتىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى نىجات غوپۇر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىغا بېرىپ، بۆرەك زەئىپلىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنىۋاتقان قەشقەر شەھەر شامالباغ بازىرى مۇراقۋاشتام مەسچىتىنىڭ ئىمام خاتىپى ئىمام قارىمنى يوقلىدى. قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بەرگەن 5000 يۈەن ياردەم پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىمام قارىم ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەشكىلگە رەھمىتىنى ئېيتتى. (نىجات غوپۇر)

▦ 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى چۈشتىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىغىن ئېچىپ 2011-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش ۋە 2012-يىللىق مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلىدى. يىغىندا ئالدى بىلەن 2011-يىللىق «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتى خۇلاسە قىلىندى، 2012-يىللىق

مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان دۆلەتباغ يېزىسى قاتارلىق 3 ئىلغار ئورۇن ۋە 12 نەپەر ئىلغار شەخس 3 دەرىجە بويىچە 1000 يۈەن نەق پۇل بىلەن تەقدىرلەندى. (نىجات غوپۇر)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

♥ باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بازار خانىقاسىنىڭ ئىمام-خاتىپى ئەبەيدۇللا نۇر ھاجىم ئالتۇن-كۈمۈش پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان ھازىرغىچە مائارىپ ئىشلىرى ۋە نامرات ئائىلىلەرگە 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، تىرەك بازىرى چامغۇرلۇق كەنتىدىكى دىنىي زات ئىلياس ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ باشلامچىلىقىدا بۇ كەنتتىكى جامائەت ئاجىز-مېيىپ، نامرات كىشىلەرگە 21مىڭ 300 يۈەندىن ئارتۇق پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ ئاۋات ناھىيە تامتوغراق يېزا تەۋەسىدىكى لاپا خانىقاسى، قۇم بۇزۇرگا خانىقاسى قاتارلىق 44 خانىقا-مەسچىت ۋە ئىممەر گايىت ھاجى، ئابدۇسەممەت سۇلايمان قاتارلىق 44 دىنىي زات نامرات ئائىلىلەرنىڭ بۇ يىل قىشتىن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن 14مىڭ 756يۈەن ياردەم قىلدى. (ھەسەن داۋۇت).

♥ پىچان ناھىيە لەمجىن بازىرى يۇقىرى مەھەللە كەنت 1-مەھەللىسىدىكى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھەم خاتىپى ئوسمان ھامۇت قارىمنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ۋە بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن، قاتناش ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئۆمەر سەمەتكە 8424 يۈەن پۇل ئىئانە يىغىپ، ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى. (ئۆمەر داۋۇت)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

♥ شىنجاڭ سالىھ خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئابدۇجاپپار جالالىدىن ھاجى تىجارەت قىلىپ ھالال مېھنىتى بىلەن بېيىغاندىن كېيىن 2008-يىلى يېڭىسار ناھىيە قىزىل يېزا 8-كەنت باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋېلسىپىت، كىيىم-كېچەك ۋە تەنتەربىيە بۇيۇملىرى ئىئانە قىلغان، يېڭىسار ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ئارقىلىق 2009-يىلى قىزىل يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە 23مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەنىدى. كېيىن قەشقەر شەھىرىدە بىر قانچە جايدا دۇكان ئېچىپ، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئىمپورت قىلىپ، جامائەتنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ داۋاملىق ئىزدىنىپ سەئۇدى ئەرەبىستاندا جۇڭگو شىنجاڭ يېمەك-ئىچمىكىنىڭ بازىرىنى ئېچىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنى جۇڭگو ۋە سەئۇدى ھۆكۈمىتى بىردەك قوللىدى. ئۇ 2011-يىلى 4-ئايدا مەككە شەھىرىنىڭ ھەرەم مەسچىتىگە يېقىن جايىدىن كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق ئىككى قەۋەتلىك بىنانى بېزەپ، جابدۇپ، 6-ئايدا «جۇڭگو شىنجاڭ سالىھ تاماقخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، مەككە مۇكەررەمەدە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ كاتتا ئاشخانىسى ۋە ھەرخىل تائاملىرى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەككە مۇكەررەمەدىكى تۇنجى قانۇنلۇق ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاشخانىسى بولۇپ قالدى. 2011-يىللىق ھەج مەزگىلىدە ئۇلارنىڭ مېزىلىك تائاملىرى جۇڭگو ھاجىلىرى ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ھەج مەزگىلىدە گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن خۇيزۇ ھاجىلار ئۆزىنىڭ ھەر قېتىملىق پائالىيەتلىرىنى مۇشۇ ئاشخانىدا ئۆتكۈزدى. ئابدۇجاپپار ھاجى ئۇلاردىن پەقەت تاماق خۇراجىتىنىلا ئېلىپ، ئىش ھەققى ۋە باشقا پۇللارنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. شۇنداقلا ھەج جەريانىدا قىيىنچىلىقى بار بەزى ھاجىلارغا ياردەم بەردى. (روزى ئىبراھىم)

♥ قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسى بايلا 12-كەنت 5-مەھەللىدىكى يەككە تىجارەتچى ئابدۇخېلىل ھاجى ئابدۇكېرىم بۇ يىل 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۆز يېنىدىن 15مىڭ يۈەن چىقىرىپ 22 توننا كۆمۈر سېتىۋېلىپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار87 ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى.

(ھاپىزجان مۇھەممەت)

♥ باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى كانچى يېزا ئۆرۈكچىلىق ئەترەتتىكى ئالدىن بېيىغان دېھقان خەيرىگۈل موللىنىياز نامرات، مېيىپ ئائىلىلەر ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا 15مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ماددىي بۇيۇم ۋە نەق پۇل ئىئانە قىلدى. باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى ئاياللار-تۇغۇت بۆلۈمىنىڭ

مەسئۇلى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋراج رابىيە تۇنىياز داۋالاش سېپىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپلا قالماي نامرات، مېيىپ بىمارلارنىڭ داۋالىنىشىغا 7200 يۈەن ياردەم قىلدى، ئارام ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ، 64 بىمارنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ھەقسىز مۇلازىمەت قىلدى. بۇلتۇردىن بۇيان باي ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن توختى روزى، ھەسەن بەكرى، ئىسكەندەر ھاشىم قاتارلىق ساخاۋەتچىلەر مائارىپ ئىشلىرى ۋە نامرات ئائىلىلەرگە 9800 يۈەن نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ باي ناھىيەسى قىبىر يېزىسىدىكى ھېلىم مەمتىمىن، ھېمىت ماموت قاتارلىق ئالدىن بېيىغان ساخاۋەتچى مۇسۇلمانلار يېقىنقى 3 يىلدىن بۇيان يېزىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىلەرگە 27مىڭ 600 يۈەن نەق پۇل، ماددىي بۇيۇم ياردەم قىلدى. (ھەسەن ئابدۇۋەلى)

♥ ئونسۇ ناھىيەلىك ''ئامانلىق'' يولۇچى توشۇش، ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىش شىركىتىنىڭ شوپۇرى ئاقنىياز تۇنىياز يېقىندا ماشىنىدا ئۇنتۇلۇپ قالغان 75 مىڭ يۈەن پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئونسۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيونېرى تۇنىياز ھاموت بۇلتۇر 25 ـ ئىيۇل 10مىڭ 135 يۈەن نەق پۇل، تۆت دانە بانكا كارتىسى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى.
(چولپان مەتنىياز، ئابلەت ئابلىز)

♥ يېقىندا بايىنغولىن ئوبلاستلىق لىن چۆ ئۆي مۈلۈك ھەسسىدارلىق چەكلىك شىركىتىدىكى نۇر مۇھەممەدجان ئەبەي ۋە زۆھرەگۈل داۋۇتلار كورلا شەھىرى لەڭگەر يېزا شاقۇر كەنت ئوقۇتۇش نۇقتىسىغا بېرىپ، بۇ مەكتەپتىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر مىرادىل ئەبەي قاتارلىق 83 نەپەر ئوقۇغۇچىغا 4100 يۈەن قىممىتىدە قىشلىق چاپان، سومكا ۋە دەپتەر قاتارلىق بۇيۇملارنى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن 2350 يۈەن قىممىتىدە بىر دانە نۇسخا كۆپەيتكۈچنى ئىئانە قىلدى.
(ئەخمەتجان ھوشۇر، ھەسەنجان تۇردى)

♥ يېزا ئىگىلىك 3 ـ دىۋىزىيە 51 ـ تۇەن 4 ـ لىيەندىكى ئالدىن بېيىغان تۇراق تۇردى، ئابدۇۋاھىت قادىر قاتارلىقلار ئۆز يېنىدىن 5000 يۈەن چىقىرىپ، لىيەندىكى نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. (ھەسەنجان قۇربان)

## شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى 3-قېتىملىق ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى

مەملىكەت بويىچە شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ 10 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلىنىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلاردا بۇ توغرىسىدا مەخسۇس يىغىنلار ئېچىلغان، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون شەرىئەتنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەز ـ تەبلىغ دەرسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ''ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى سۆيەيلى، گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقايلى!'' دېگەن تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا 3 ـ قېتىملىق ۋەز ـ تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

مۇسابىقىگە ئىنستىتۇتتىكى رەھبەرلەر ۋە بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قاتناشتى.

بۇ قېتىملىق مۇسابىقىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى پۇختا ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلغان بولۇپ، ماقالە تېمىسى ۋە مەزمۇنىغا ئالاھىدە قاتتىق تەلەپ قويۇلۇپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلاشتۇرۇش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىسلام ئەخلاقى ۋە ئۆگىنىش تېمىسىدىكى ماقالىلەرنى ئاساس قىلىپ دەسلەپكى قەدەمدە تاللاش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىپ، 10 ماھىر ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. ۋەز-تەبلىغنىڭ تېمىلىرى ئۆزگىچە، مەزمۇنى ساغلام ھەم چوڭقۇر بولۇپ، دىنىي ۋە كەسپىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېزىلغان. مۇسابىقىدە ماھىرلار ئۆز تالانتلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ يېڭى بىر ئەۋلاد، يۇقىرى ساپالىق ياش دىنىي زاتلارنىڭ ئوبرازىنى نامايەندە قىلدى ھەمدە ئىنستىتۇتىمىزنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىمىزنىڭ كۈنسېرى يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى.

بۇ قېتىملىق مۇسابىقىنىڭ ئەھمىيىتى زور بولۇپ، بۇ مۇسابىقە 2011 ـ يىللىق يېڭى ئوقۇغۇچىلار ۋە بىكتۇۋەن كۇرسانتلىرىغا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ئۈچۈق دەرس ۋە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، بىر قېتىملىق ئەمەلىي تەربىيە دەرسى بولدى. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا سوتسىيالىزمنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ۋە دىنىنى سۆيۈشتەك ئىدىيەۋى تەربىيەنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ھەقىقىي بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇپ چىقىشىغا ياخشى ئاساس سېلىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ناھايىتى ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

(شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى)

# 第九届全国《古兰经》诵读比赛(唐山法立德杯)

## الدورة التاسعة لمسابقات تلاوة القرآن الكريم لعموم الصين



## 9 - قېتىملىق مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ( تاڭشەن پەردە لوڭقىسى ) بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

2011 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى(تاڭشەن پەردە لوڭقىسى) بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 5 مىللەتتىن 50 نەپەر ماھىر قاتناشتى. 3 كۈنلۈك مۇسابىقىدىن كېيىن شىنجاڭلىق ۋەلى مەخسۇت قاتارلىق ماھىرلار 1 - ، 2 - ، 3 - دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.(تەپسىلىي خەۋەر 4 - بەتتە)












(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى يۇنۇس . سىددىق، مۇھەممەد ئابدۇللا تارتقان)




ISSN 1007-5836

《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

| | | |
|---|---|---|
| 国际标准刊号： | ISSN1007—5836 | خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: |
| 国内统一刊号： | CN11—1346/B | مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: |
| 国内邮发代号： | （新）58—167 | پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: |
| 国外发行代号： | Q1720 | چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: |

公开发行 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

定价：5.00元 باھاسى: 5.00 يۈەن